ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

# بەگباش ئىلھاملار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

# يەكباش ئىلھاملار

( شېئىرلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

难以控制的灵感 ：维吾尔文/阿布都肉苏里·吾麦尔喀什噶里著. —喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2011.1
ISBN 978－7－5373－2270－6

Ⅰ.①难… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 006698 号

责任编辑：**齐曼古丽·阿吾提**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**

**难以控制的灵感**

**阿布都肉苏里·吾麦尔喀什噶里** 著

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168 **毫米** 1/32 **开本** 6.375 **印张** 3 **插页**
2011 **年** 1 **月第** 1 **版** 2011 **年** 1 **月第** 1 **次印刷**
**印数**：1 — 2000 **定价**：15.00 **元**



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# نەشرىياتتىن

پامىر تاغلىرىنىڭ باغرىغا ، يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان ، قەدىمدىنلا داڭلىق ، گۈزەل يۇرتلارنىڭ بىرى — قەشقەر ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ (قۇمباغ ) كەنتى قىشلىق ئېرىق مەھەللىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى 1967 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ ، 37 يىل تەشۋىقات- ئاخبارات سېپىدە ئىشلىگەن . «قەشقەر گېزىتى»دە ئۇيغۇر تەھ- رىر بۆلۈمى مۇدىرى ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ ، ئاخبارات كەسپىنىڭ ئالىي مۇھەررىرلىك ئىلمىي ئۇنۋان شەرىپىگە ئېرىشكەن . بىر قىسىم ئاخبارات ، ئىلمىي ئەسەرلىرى مەملىكەت ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان . ئۇ شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى 5 - قېتىملىق مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر گېزىتلىرى 13 - ، 14 - قېتىملىق تەتقىقات جەمئىيىتىد- ىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، شۇ جەمئىيەتكە قاراشلىق ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان .

ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان 1964- ، 1965- يىللىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئارزۇ» ، «لېي فېڭ ئىزىدىن» ، «كەمپۈت» (بالـلادا) ؛ «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يېزىمىزنىڭ قىزلىرى» ؛

«قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئەڭ كۈچلۈك بايانات» دېگەن شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان 500 پارچىغا يېقىن ھەر خىل ژانىردىكى ئەسىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان . ئۇ 1989 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى قېتىم قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمى بولۇپ باھالانغان . ئۇنىڭ نامى 1992 - يىلى شياڭگاڭ جۇڭگو خەلقئارا نەشرىياتچىلىق شىركىتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر لۇغىتى» گە ، 1994- يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگودىكى مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى تۈزۈش كومىتېتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن . ئۇنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يۇمۇرلار» (1986 - يىلى) ، «مەھمۇد كاشغەري» (1985 - يىلى) ، «دېھقانلارنىڭ نىجاتلىق يولى» (1987 - يىلى) ، «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» (بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمى ، 1992 - يىلى) ، «ئالدار كوسا لەتىپىلىرى» (2003 - يىلى) ، «ئاخىرلاشمىغان پاراڭلار» (2006 - يىلى) ، «سەھىپىلەردىن سەتىرلەر» (2010 - يىلى) قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

ئۇ 1986 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە «قەشقەر رادىيو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)نىڭ قوشۇمچە مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان . «بازار رىسالىسى» (ماقالىلەر توپلىمى) ، «تىجارەتچىلەر دەستۇرى» ، «مەرىپەت مەشئىلى — قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» ، «قۇتلۇق ئىزلار» ، «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» قاتارلىق ئاشكارا ۋە ئىچكى نومۇر بىلەن چىقىرىل-

غان كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان . «ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھېيت - بايرام ، مۇراسىملىرى» ، «مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر» ، «ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار» ، «قەشقەر مەتبەئەچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى» دېگەن كىتابلارنى يازغان ۋە نەشرگە تەييارلىغان .

ئۇ ھازىر قەشقەر ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات - تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى .

# مۇندەرىجە

## يۇرت ، ۋەتەن مۇھەببىتى


يۇرتۇم ........................................ 3
سېنى ئەزىز جېنىم دەيمەن .......................... 5
قىرىق بۇلاق .................................. 7
كۆڭلۈم تەلپۈنەر ................................ 9
ۋەتەنگە مەدھىيە ................................ 10


## غەزەل ، مۇخەممەس ۋە مەسنەۋىلەر


سېغىنىپ ...................................... 15
ئائىلەم ...................................... 17
ئورما قوشىقى .................................. 19
رەنجىمە ..................................... 21
ئۆزۈمگە ..................................... 23
نە بىلۇر ..................................... 25
ئەلگە ئادىل چاكار بولغىن ......................... 26
بار ......................................... 28
بالامغا ...................................... 30
چىن بۇرادەر كۆپ بولۇر ........................... 32

بەختىم ........................ 34

ياخشى ئەمەس ........................ 35

بولۇر ........................ 37

تۈزۈك ........................ 39

سەن ئۈچۈن ھۆرمەت ياغار ........................ 40

بىرلىك - ئىناقلىق كۈچ - قۇۋۋەت ........................ 41

ئۈيۈشۈپ بولسا ئىناق ........................ 42

يېزىدىكى دوستۇمغا ........................ 43

زوقۇم كېلۇر ........................ 44

بولدى ........................ 45

قەلىمىم ........................ 47

قىلماي ئەمدى گۇمانىمەن ........................ 48

دېمىگىن ........................ 50

قەدرىگە ........................ 52

دېسەم ........................ 54

بار دېسە ........................ 56

قار ياغقان كۈنى ........................ 58

ئاراڭلاردا بىز يەنە ........................ 60

ياخشىلارغا ياخشى سۆز ........................ 61

سەكسەن يېشىڭ مۇبارەك ........................ 63

قەشقەر قىزى ........................ 66


## تۇرمۇش تەرمەچىلىرى


چىقماس ئاشۇ چاغ ئەستىن ........................ 71

قالىدۇ ئەستە ........................ 72

گۈل تۈۋىدە ........................ 73

ۋەدە ............ 75
نەگە كەتتى ئاشۇ ۋەدىلەر ............ 77
قۇياش تېخى پاتماستا ............ 78
پەقەت ساڭا ............ 80
نېمە ئارمان قالىدۇ ............ 81
يەنە كېلەي مۇخبىر بوپ ............ 82
بال ھەرىسىدەك مەنمۇ ھەم ............ 84
مەلەڭگە بارسام ............ 85
ئۆيدە ............ 86
يۈزۈڭ ئاقكىن ۋە لېكىن ............ 87
يىگىتلىكىم بەستىگە ............ 88
شامال كەلسە بېغىڭدىن ............ 89
ناشتىلىققا گۈللەردىن «نان» سورايمەن ............ 91
بىر قىز كېلەر ............ 92
خىياللاردەك بولمايدىكەن ھەممە ئىش ............ 94
سىلەر تىللىغان بىلەن تۈننى ............ 96
تاشلاپ كەتتىم خانقىزنى ............ 97
قاچان كېلەر «ماقۇل»غا شۇ تىلىڭىز ............ 99
چۈمۈلىسە شائىر مەجنۇن ھېسلارغا ............ 100
نۇقسان بولۇر ياشنى سوراش ............ 102
دەپتىمەن ............ 103
شائىر دېگەن ............ 105
خىيالىمنىڭ ئېكرانىدا شۇ سۈرەت ............ 108
سۆيگۈمىز شۇندا بولىدۇ گۈزەل ............ 109
خىجىل بولار كۈلۈشكە ............ 111
سەن سورىما ............ 112
بىرەلەمسەن بۈگۈن جاۋاب سوراققا ............ 113

چىرايلىق بولماق شۈنچىلىك تەسمۇ ........................ 115
ئادەم قۇلۇپى ........................ 116
چالماس ئەمدى چاۋاكمۇ ........................ 117
سوئال قويماي مەن نېچۈك ........................ 118
يۈرسەك خوپمۇ ........................ 119
ئەرزان كۈلكە ........................ 120

## يارقىن تېمىلار

باھار نەزمىسى ........................ 123
يېڭى يىلغا ........................ 126
ئىشەن دوستۇم ، دېھقىنىم ........................ 127
ئېتىقادىم بار مېنىڭ ........................ 130
قىزىپ كەتتى بۇ يىل ئورام ........................ 132
چەت ئەللىك ساياھەتچىگە ........................ 133
باھارغا ........................ 134
كاتتا توينىڭ ئاخىرى ........................ 136
كۈز ........................ 139
مۇبادا ........................ 141
مۇئەللىم ........................ 143
تىنىقلىرىم پۈتكەن شېئىر ........................ 145
تۇرمۇش گويا بىر سەھنە ........................ 147
كەلدى نورۇز ........................ 150
كىم يامان دەر ........................ 152
تەبىئەت بىلەن ئۆتىمىز ئىناق ........................ 153
يازساڭلاركەن مەرسىيە ........................ 154

رەھبەر چاكار دېمەكتۇر ........ 155
سۈننەت تويغا ........ 157
داۋام قىلسۇن يېڭى يىلغا تەنتەنە ........ 159
قىشنىڭمۇ بار قىزىق يەرلىرى ........ 161
ئاشۇ چاغدا ........ 164
غەنىيمەت ........ 165
بىر رېئاللىق بوپ قالار ........ 166
تەبرىكنامە ........ 167

## مەرسىيەلەر

ئانتۇمايدۇ ئەۋلادى ........ 171
مەرھۇم ئەيسا شاكىر ۋاپاتىغا ........ 173
كۆڭلۈم بوزۇلار ، باغرىم ئېزىلەر ........ 175
تۇرسۇنگۈلگە ........ 178
پاشاگۈلگە ........ 180
كەلدى ........ 182
پارچىلار ........ 184

# يۇرت، ۋەتەن مۇھەببىتى

# يۇرتۇم

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم ئۇپال ئازىخ[1] بوستان دىيار ،
لالىزار گۈل ھۆسنىدىن ئاپتاپ چېچىپ ئاچقان باھار .

«ئانا» دەپ چىققان تىلىم يۇرتتا يېتىلگەن كۆي بولۇپ ،
باغلىنىپ ئۇندا بېلىم قۇچقان يىگىتلىك ئىپتىخار .

قارىسام يۇرت ھۆسنىگە «جەگە تېرەك[2]» لىك ئۈستىدىن ،
كۆرۈنەر ئوتقاش بولۇپ باغلاردىكى نەشپۈت ، ئانار .

يازدىم كۆپ غەزەل - قوشاق «نورۇز بۇلاق[3]» نىڭ بويىدا ،
شۇ غەزەللەر يارۇدوستقا بولدى گۈزەل ئالبوم ، تۇمار .

يالتىرار دۆڭ ئۈستىدە «مەھمۇدىيە[4]» مەدرىس ئىزى ،
تاشبالىق[5] باغرىغا خال بولدى ئۇلۇغ ھەيۋەت مازار[6] .

بار «قۇملاڭ[7]» مەھەللىسىدە بۇۋى رابىيە مازىرى[8] ،
نامى ھېچ ئۆچمەس ئۇنىڭ تارىخ بېتىدە ئەنھار[9] تۇرار .

بەك ئۇزاق تارىخى بار «خان يۇرتى» دەپ شۆھرىتى ،
«ئاق دالا[10]» ، «دۆۋىلىك[11]» تەك سانسىز ئىزلار نۇردەك يانار .

يۇرتتا بار «قىرىق بۇلاق⑫» ، «ئارغى بۇلاق⑬» ، سانسىز بۇلاق ،
ھەر تەرەپتە شىلدىرلىشىپ ئابىھايات سۇلار تارار .

بىر كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالار كۆرسە كىمكى يۇرت ھۆسنىنى ،
كۆرگىلى ھۆر - پەرىلەر ھەتتاكى ھەم شۇ جاي بارار .

تەنلىرى يايراپ كېتەر ھەركىم يېسە ئاش - ناننى ،
باغلىرى ئىپار پۇرار گۇل ئېچىلسا ھەر كۈن ناھار .

«سۇ دېسە شەربەت بېرەر» كەلسە يۇرتقا مېھمان كىشى ،
باردىم دەپ «جەننەت»كە ئۇ ھۇزۇرلىنىپ خۇشال يانار .

توختىماس ھېچ كۆيلىرىم بويى ئالتۇن گۇل دىيار ،
گۇللىنىپ رۇخسارىدا ئاچقاي چېچەك مەڭگۇ باھار .

شائىرنىڭ بولدى خىجىل سىزىپ بولالماي تەسۋىرىنىڭ .
تولدۇرۇپ كەم قىسمىنى نېسىپ قىلسا يەنە يازار .

**ئىزاھاتلار :**

①②③⑤⑦ جاي نامى .

④ مەھمۇدىيە — مەھمۇد كاشغەريي ئۆزى قۇرغان «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» .

⑥ ھەيۋەت مازار — تاشبالىق تېغى باغرىدىكى مەھمۇد كاشغەريي مازىرى .

⑧ بۇۋى رابىيە مازىرى — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسىنىڭ مازىرى .

⑨ ئەنھار — يورۇق ، نۇر ، قۇياش دېگەن مەنىدە .

⑩⑪⑫⑬ جاي نامى .

# سىنى ئەزىز جىنىم دەيمەن

ۋەتەن ئالتۇن دىيارىمسەن ، سىنى جانۇجىنىم دەيمەن ،
زىلال ، شەربەت سۇيۇڭنى مەن تومۇرلاردا قىنىم دەيمەن .

تىنىم يايراپ ، كۇلۇپ ياشناپ كامال تاپتى ئەقىل - ئىدراك ،
چىگىلگەن مىھرى - رىشتىڭدە يىگىتلىك بۇ بىلىم دەيمەن .

ئىچىلدى ۋەسلى گۇلزارىم ، چاقىلداپ بۇلبۇلۇم سايراپ ،
خۇشاللىق كەلكۇنى دائىم دىڭىزدەك بىتىنىم دەيمەن .

هۆر - پەرىلەر چۇشتى كۆكتىن هۆسن - جامالىڭ كۆرگىلى ،
سەيلىگاھ بولدى بۇرۇنقى باياۋان - چۆل ، سىيىم دەيمەن .

قىزىسا باغىڭدا مەشرەپ ، تاغىڭدا كۆكلەم سەيلىسى ،
غىجەك ، تەمبۇر ناۋاسىغا جوردۇر مىنىڭ نىيىم دەيمەن .

نازۇنىمەت ، شەربەت بىلەن تولسا هىممەت داستىخىنىڭ ،
تەنگە قۇۋۋەت ، تىلغا لەززەت ئىچكەن هەربىر چىيىم دەيمەن .

تېنىم سەندە، جېنىم سەندە، ئۈزۈلمەس سۆيگۈ رىشتىم ھەم،
بولسا مېنىڭ جېنىم قۇربان قالار نامۇئىتىم دەيمەن.

ئانا ۋەتەن قۇدرىتىڭ زور، شان - شۆھرىتىڭ ئاندىن ئۇلۇغ،
«ياشا ۋەتەن» دېگەن سۆزنى يەنە يۈزمىڭ قېتىم دەيمەن.

1999 - يىل 10 - ئاي



# قىرىق بۇلاق

«قىرىق بۇلاق» دېگەن جاي بار ئوپالدا ،
ساناپ باقساق قىرىق مىڭ بۇلاق بۇندا .
بۇلدۇقلىشىپ چىقىپ تۇرار سۇ دائىم ،
شۇ بۇلاقلار بولسىمۇ دۆڭ - ئويماندا .

كۆزنى كىرپىك ئاسرىغاندەك ھەرقاچان ،
يېشىل ئوتلار بۇلاقلارنىڭ كىرپىكى .
باراقسانلىق سۆگەتلىرى ھۆسنىگە ،
زەپ ياراشقان بولۇپ يېشىل كۆڭلىكى .

ھەر قەترىسى شۇ بۇلاقلار سۈيىنىڭ ،
يەر كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۈت گويا .
زەمزەم سۈيى نەدۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ،
ئىچكەن جانغا بولار دەرمان ھەم شىپا .

شۇنچە سۈزۈك ، شېرىن بۇلاق سۇلىرى ،
سۇ ئەكسىدە تال چىۋىقلار شولىسى .
قىزىپ كېتەر ئىشچان يىگىت - قىزلارنىڭ ،
زەپمۇ قوۋناق چىن مۇھەببەت سەيلىسى .

شۇ بۇلاقلار كۈنگە ئاداش كۈندۈزى ،
تۈندە بولار ئاي - يۇلتۇزلار ھەمراھى .
كەلسە ئەگەر «تاھىر - زۆھرە» جور بولۇپ ،
بولار بۇ جاي مۇھەببەتنىڭ سەيناسى .

شائىرلارغا ئىلھام ھۆسنى جۇلاسى ،
تاشار شۇڭا ئۇنىڭ يارقىن نەزمىسى .
ئوقۇپ ماڭسا مالچى يىگىت ناخشىلار ،
جاراڭلايدۇ ئېقىن بويى - جىراسى .

كەلسە كىمكى بۇلاقلارنىڭ بويىغا ،
قايتىشىدا قوشاق بىلەن يانىدۇ .
ئۇنتۇمايدۇ شۇ جايىنكى ھەردەمنى ،
كۆڭلى بۇلاق بويلىرىدا قالىدۇ .

1988 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



# كۆڭلۇم تەلپۈنەر

مەيلى يۇرەي خوتەن ، خۇنەن ، شاڭخەيدە ،
تەلپۈندۈ كۆڭلۈم مېنىڭ يۇرت تامان .
ئوي - خىيالىم هامان بۇندا ، تىلەيمەن ،
تۇرسىكەن دەپ تۇغقان ، دوستلار تىنچ - ئامان .

چۈنكى دوستلار مەن تۇغۇلغان كۈندىلا ،
يۇرتىنىڭ مېهرى بۆشۈككە بۆلەنگەن .
مۇهەببىتى بولۇپ ماڭا زەر - لىباس ،
تاغدەك ئۇلۇغ قامىتىگە يۆلەنگەن .

مېنى يىگىت ، ئادەم قىلىپ ئۆستۈرگەن ،
بېرىپ ماڭا شەربەت سۇ هەم ساپ هاۋا .
ئاساس سېلىپ هاياتىمغا شۇ يۇرتتا ،
چىققاندىمە داغدام يولغا مەن يەنە .

يۇرەك رىشتىم يۇرتۇمغا چىڭ باغلانغان ،
باغلانغاندەك ئاي نىگارىم — لەيلىگە .
خىيالىمنى ئېپ كېتىدۇ هەر مىنۇت ،
باقسام شۇندا شەيدا كۆكۈل مەيلىگە .

1987 - يىل 9 - ئاي

## ۋەتەنگە مەدھىيە

تەڭداش ئىزدەپ كەزسەم پۈتۈن جاھاننى ،
تاپالمىدىم سەندەك گۈزەل دىيارنى .
يېپىلغاندەك رەڭدار گىلەم كۆكسۈڭگە ،
ئايان قىلار كۆز ئالدىمدا باھارنى .

كەزدىم دالا ، سەھرا - شەھەر ، ھەر يۇرتنى ،
كۆرگىنىم يوق يۇرت - ۋەتەندەك ماكاننى .
نۇرغا تولغان ھەممە يېرى ، ئادىمى ،
كۆرمىدىم ھېچ بۇنداق نۇرلۇق جاھاننى .

چاڭبەيشەندىن پامىرغىچە قارىسام ،
تۇتاش بوستان گۈلچىمەنگە ئورالغان .
گۈزەل سۈرەت سىزىلىپتۇ كۆكسۈڭگە ،
گۈزەللىكنىڭ شاھى سەندە يارالغان .

گۈزەل ھەر تاش ، باغدا چېچەك ، ھەر گىياھ ،
گۈزەل گۈلشەن ، كەڭرى ئېتىز - ئېدىرلار .
نۇر تاراتقان يۇلتۇز كەبى چىراغلار ،
گۈزەل شۇنچە ئاسفالت يول ، بىنالار .

گۈزەل ، ناۋات شىرنىسىدەك تەمى بار ،
جەننەت كەبى باغدا پىشقان مېۋىلەر .
گۈزەل ، شۈنچە نېمەتكە مول داستىخان ،
جىلۋە قىلىپ پىشقان ئالما ، بېھىلەر .

گۈزەل ، يېشىل مەخمەل كەبى قىياقلار ،
گۈلگە تولۇپ ياشنىغان كەڭ يايلاقلار .
گۈزەل ، سەمرىپ ، سەكرەپ شوخلۇق قىلىشقان ،
سېمىز چارۋا — قوزا ، قۇلان ، تايچاقلار .

فونتان بولۇپ چىققان ئاشۇ نېفىتلار ،
گۈزەل زەپمۇ مايتاغ داچىلىق ھەم تارىم .
گۈزەلدۇر ئەڭ ئالىي شان - شەرەپ قۇچۇپ ،
دۇنياغا تونۇلغان ۋەتەن - دىيارىم .

ھۆر ، گۈزەل سەيندىكى زور كۆمۈش بەلباغ —
خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ ، تارىم دەرياسى .
گۈزەلدۇر ئاشۇ ئۇلۇغ سۇلار بىلەن —
ياشنىغان بوستانلار ، دەريا ۋادىسى .

گۈزەلدۇر ، گۈزەل ھەم شۇ گۈزەللىكنى ،
كۆكسۈڭدە يارانقان خەلقىم ، جىگىرىم .
سۇتۇڭدىن تېنىگە كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ —
كۆكلىگەن دېھقىنىم — باتۇر بىلىكىم .

گۈزەلدۇر ۋەتەننى قوغداش يولىدا ،
چېگرادا رىيازەت چەككەن جەڭچىلەر .

گۈزەل ، بىز تۇتقان قورالغا ۋارىس بوپ ،
يېتىلگەن قوينۇڭدا قىزىل غۇنچىلار .

گۈزەلسەن جاھاننىڭ ئۈمىدى ۋەتەن ،
سائادەت تاڭلىرى سەندە يۈز ئاچقان .
ئۇلۇغ گۈڭچەنداڭ شۇ گۈزەللىككە ،
قۇياشلىق نۇرىنى ئايىماي چاچقان .

گۈزەللىكىڭ پەخرىم مېنىڭ ۋەتىنىم ،
شەنىڭگە بىر ئۆمۈر كۈيلەر تۆكمەن .
تېخىمۇ گۈزەل قىپ قوغداشقا سېنى ،
جەڭچىڭ بوپ ھۆسنۇڭگە نەقىش چېكمەن .

1975 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى



# غەزەل، مۇخەممەس
# ۋە مەسنەۋىلەر

# سېغىنىپ

كەلمىدىڭ كۈتسەم سېنى ، يولۇڭغا باقسام سېغىنىپ ،
ھال سوراي دەپ مەن بۈگۈن ، ئىشىكىڭنى قاقسام سېغىنىپ .

ئۆتتى نەچچە ھەپتە كۈن ، كۆرسەتمىدىڭ دىدار - چىراي ،
گەپ ئەۋەتەي دېمىدىڭ ، ئىشقىمنى چاچسام سېغىنىپ .

ئاي ۋە يۇلتۇزلار تۈگۈل ئېيتتىم سابالاردىن سالام ،
يوقكى سەندىن ھېچ سادا ، ئاسمانغا باقسام سېغىنىپ .

چۈش كۆرۈپ مەن قانچە تۈن ئوڭۇمدا بولساچۇ دېدىم ،
يەشمىدىڭ تۈگمەڭنى ھېچ ، باغرىمنى ئاچسام سېغىنىپ .

كۆپ ئىدى ئارمانلىرىم كۆڭلۈم قېتىدا ئامرىقىم ،
سەنمۇ سۆيسەڭ ، مەنمۇ ھەم ، باغرىمنى ياقسام سېغىنىپ .

تەكلىماكان قۇملۇقىدەك قانماس ئىدى تەشنالىقىم ،
تەنلىرىڭگە يامغۇر بولۇپ كۈندە ياغسام سېغىنىپ .

ئىشق - مۇھەببەت تىلسىمى بەكمۇ پىنھان ، سىرلىق ئىكەن ،
يۈزلىرىڭگە مىڭ سۆيۈپ ، مەڭزىمنى ياقسام سېغىنىپ .

كەلسەڭ بۈگۈن ، سۈرىتىڭنى تارتىۋېلىپ يۈرەككە ،
ساداقەتىڭ دەرياسىدا بىللە ئاقسام سېغىنىپ .

1968 — 1978 - يىل 9 - ئاي



# ئائىلەم

ۋىسال قۇچقان مۇھەببەتنىڭ ئىختىراسى ئائىلەم،
شېرىن تۇرمۇش قۇچىقىنىڭ ئىپتىداسى ئائىلەم.

بىر ئۆي دېگەن مىڭبىر جاپا، ئەجىر بىلەن قوپۇلار،
تىزىپ چىققان چاڭگىلاردەك ئۇل بىناسى ئائىلەم.

بىر چاغلاردا ئاتا - ئانا دەيتتۇق بىزمۇ ئەركىلەپ،
پەرزەنت كۆردۇق شۇلارنىڭ چىن شەيداسى ئائىلەم.

كېلىپ تۇرار باللار ھەم نەۋرە - تۇغقان، دوستلىرىم،
شۇلار چالغان ساز — دۇتارنىڭ شاد ناۋاسى ئائىلەم.

ئايال زېرەك، ئەر تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇپ تەڭ،
ئۆي چاقنى ئايلاندۇرغان كەڭ دەرياسى ئائىلەم.

تىرىكچىلىك قاينىمىدا تىنىم تاپماي تىرماشقان،
ھالال جۇپلۇك ئەر - ئايالنىڭ ئۆز ھەمراھى ئائىلەم.

شادلىق بىلەن تاتلىقى كۆپ ، غەممۇ بەزى ئۆكسۈمەس ،
كېچەش قىلار نى - نى ئىشنى دىل ئىخلاسى ئائىلەم .

ھەرىكەت بىلەن بەرىكىتى كۆپ ، سېخىي جەننەت بىر دۇنيا ،
«توققۇزى تەل» بېھىش خۇددى گۈل ئاناسى ئائىلەم .

كەلسە مېھمان ياخشى كۈتەر ، ئۇن قولىنى گۈل قىلىپ ،
تائاملارنىڭ ئۈستىسى ھەم يار - رەناسى ئائىلەم .

ئايال بىلەن ئەرنى قوشۇپ تەڭ تۇۋلاتقان ناخشىنى ،
ۋاپادارلىق ، سادىقلىقنىڭ قوش نەغمىسى ئائىلەم .

خاپىلىقتا تالا - تۈزدىن قايناپ كىرسەڭ غەزەپتە ،
شۇ كۆڭۈلنىڭ تەسەللىسى — پېشۋاسى ئائىلەم .

بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر ، يۆلىكىدۇر ئەر - ئايال ،
ھېكمىتى كۆپ باللارنىڭ مەكتەپخانىسى ئائىلەم .

تۇزۇپ كەتمەس بالا - چاقا ئائىلىدىن يۈز تېپىپ ،
نەۋرە - چەۋرە ھەممەيلەننىڭ نۇر شەيداسى ئائىلەم .

شۇ ئائىلە بولمىغاندا نەدە ماڭا پاراغەت ؟
ئۆمرۈم بولسا ئۇزاق ئاقار بال دەرياسى ئائىلەم .

رىشتىم مېنىڭ ئائىلەمگە زەنجىر بولۇپ چېتىلغان ،
بالا - چاقا ، نەۋرىلەرنىڭ گۈل سەيناسى ئائىلەم .

2009 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# ئورما قوشىقى

ئالتۇن قۇياش ئاتەش چېچىپ ، پەسلى نۆۋەت كەلگەن چېغى ،
دانىسى گۆھەر بولۇپ ، ئالتۇن باشاق كۆلگەن چېغى .

يېزا ئەھلى تۇشمۇتۇشتىن باشلىدى ئورام جېڭى ،
جۇش ئۇرۇپ كۈچ - قۇدرىتى شاندىن سادا بەرگەن چېغى .

دۆۋە - دۆۋە ئەنجىلەر كەلمەكتە رەتلىك تىزىلىپ ،
سول ئېلىپ دېھقان يىگىت كەڭ قۇچاق كەرگەن چېغى .

قالدى ھەيران يولدىكى ئۆتكۈنچىلەر زوقى كېلىپ ،
ئورمىچىلار بەستىدىن ئۇرغۇغان كۈچ كۆرگەن چېغى .

بېسىلىپ قالدى شۇندا سازەندە قۇشلار نەغمىسى ،
قىز - يىگىتلەر ناخشا بىلەن ئىش پەيزىنى سۈرگەن چېغى .

كىممۇ قالسۇن زەپ كۆڭۈللۈك پەيتى قىممەت بۇ ئورمىدىن ،
مول ھوسۇلدىن ھەر ئېتىز ئالدىن دېرەك بەرگەن چېغى .

ئالمىغاي نېچۈك رۇسۇل قولىغا ئالتۇن قەلەم ،
شاد كۆڭۈلنىڭ قاتلىرىغا ئىلھام دېنى تەرگەن چېغى .

1976 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى



# رەنجىمە

سىڭلىم رەيھان ، سەپسالسام ئېتىزدىكى ئەمگەكتە ،
ئەجەب ياخشى ئىشلىدىڭ زوق قوزغىتىپ يۈرەكتە .

قوللىرىڭدا كەتمىنىڭ شۇنچە ئەپچىل ئوينىدى ،
ئىشتا پىشقان بەستىڭگە قاراپ كۆزۈم تويمىدى .

ئارتىسمىكىن دەپتىمەن كۆككە ناخشاڭ ياڭرىسا ،
بۇلبۇل ھەيران تاڭ سەھەر ئاۋازىڭنى ئاڭلىسا .

قىلىشمىدىڭ ھەر ئىشتا مەن - مەن دېگەن ئەرلەردىن ،
ھوسۇل ئالدىم پاتمانلاپ گىياھ ئۈنمەس چۆللەردىن .

شۇڭا سېنى رەيھانگۈل ئەل - جامائەت ماختىدى ،
شانۇشەرەپ ئىلكىدە ئىسمىڭ نۇردەك چاقنىدى .

«ئەرزىمەيدۇ ماختاشقا» دېدىڭ «قىلغان ئىشلىرىم» ،
«ماختىنىشتىن قورقىمەن ، ئەل قاتارى ئىشلىدىم» .

تامچىسىغا ئىشىكىنىڭ قوشاق قېتىپ ئازغىنا،
ئەل بىلەن تەڭ ماختىدىم، سىڭلىم رەيھان رەنجىمە.

1979 - يىل 12 - ئاي



# ئۆزۈمگە

مەن جاھاندىن كەچكەن بىلەن كەچمەيدىكەن تەندىن جېنىم ،
ئاغرىپ ھېچبىر چىقمايدىكەن كەسمىگۈچە قولدىن قېنىم .

مۇگدىسەممەن دەۋرىمىزدە بەختىممۇ ئۇخلاپ قالغۇدەك ،
ئىشلىمىسە كەلمەيدىكەن چىشلەيدىغان يۇمشاق نېنىم .

پىغان ئۆرلەپ ئىچىسەم ھاراق ، مەستلىكىم رەسۋا ئېتەر ،
جىسمىم تىرىك ، روھىم ئۆلۈك ، چىرىيدىكەن ئۇشبۇ تېنىم .

سىرلىرىمنى پىنھان تۇتۇپ يۇرسەم خىيال دۇنياسىدا ،
قەتلى ئېتەر دوزىخىغا بىر زەررىدەك دەردۇغېمىم .

ئىشنى ساختا ، سۆزنى يالغان قىلىپ ئۆتسە گەر كۈنۈم ،
ئەل ئارا ، دوستلار ئارا ئۆتمەيدىكەن ئۇشبۇ تىلىم .

بولۇر قانداق بۇ دۇنيادا قەدىر - قىممەت ، ئېتىبارىم ،
ئەل دەرياسى سۇلىرىدا بولمىسامەن بىر تېمىم .

جان تىكىپ ، كۆكرەك كېرىپ ئۆگەنمىسەم ھەربىر مىنۇت ،
كەلمەيدىكەن تۆتلىششنىڭ ئاچقۇچى تېخنىكا - بىلىم .

كەشپىيات قىپ دوستلىرىمدەك ئىشلىسەم تۆھپە قوشۇپ ،
گۈللىنىپ ئاۋات بولۇپ ، ئالغا ماڭغاي ۋەتەن - ئېلىم .

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى



# نە بىلۇر

مىس بىلەن ئالتۇندا پەرق بار ، روھى ئەفغان نە بىلۇر ،
ئاڭلاش ، كۆرۈش باشقا ئىشتۇر ، كۆڭلى پىنھان نە بىلۇر .

بىر گۈزەل ئۆتسە يېنىدىن تەلمۈرۈپ باقتى ئەجەب ،
بۇ لاتاپەت كەلدى قايدىن ، جىسمى ۋەيران نە بىلۇر .

ماڭساق سەپەرگە ئاتلىنىپ ، قالدى يىراقتا تەۋرىنىپ ،
ھەرىكەت دېمەك — بەرىكەت دېمەك ، كۆڭلى سولغۇن نە بىلۇر .

كۆڭلى روشەن ، خالىس نىيەت ئىنسان تولا دۇنيادا بىل ،
ئەزمە ، ھەييار ، ھىيلىگەر بار ، مەردنى نامەرد نە بىلۇر .

1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# ئەلگە ئادىل چاكار بولغىن

يېسە كىمكى كىشى ھەققى ، ئۇنىڭ بىر كۈن جازاسى بار ،
داۋا يوقتۇر پۇشايمانغا ، ئۇنىڭ قايغۇ - ھازاسى بار .

ئىش قىلمىغىن خاھىشىڭچە ، مەندە بار دەپ تامغا - ھوقۇق ،
ھەرنە ئىشنىڭ نىزام - قانۇن ھەم پىرىنسىپ ئاساسى بار .

ئازغىنە خىزمەت بىلەن كۆپ نەپ ئېلىشنى كۆزلىمە ،
«تاپان ھەققى» ئالساڭ ئەگەر ئەلنىڭ ئوبزور - باھاسى بار .

سوۋغىلار كەلسە ئىشىكتىن ، چۈشسە تۈڭلۈكتىن ئەگەر ،
«بۇ بىر ئامەت» دېمە ھەرگىز ، ئەتە ھەسرەت - بالاسى بار .

مېنى تەكلىپ ئەيلىدى دەپ ، بارما نامەرد بەزمىسىگە ،
شۇنداق «تەكلىپ» ئارىسىدا يامان مەقسەت ھاۋاسى بار .

بۈگۈن ئاشۇ بەزمىلەردە ئۆتسە گالدىن گۆش ۋە بېلىق ،
قەي قىلارسەن ئەتىسىلا ، ئەل ئالدىدا ئىزاسى بار .

خۇشامەتكە بولۇپ زوقمەن ، ئادەتلىنىپ كۆنۈپ قالما ،
خۇشامەتگۇي ئۇلپەتچىنىڭ سەندىن مەلۇم تەمەسى بار .

سەنمۇ خەقتىن قىلما تەمە ، ئۇ تىلەمچى ئىشىدۇر ، بەس ،
ئەجىر قىلىپ هالال چىشلە ، هەسەلدەك تەم - داۋاسى بار .

ئەل بەرگەن هوقۇق بىرلە ئەلگە ئادىل چاكار بولغىن ،
شۇندا ئەلنىڭ ئالقىشى كۆپ هەمدە رەهمەت - دۇئاسى بار .

1984 - يىلى



# بار

قارىسامەن يار كۆزىگە ، كىرپىكىدە پەيكانى بار ،
تەلمۈرگىنىم ئاۋارە ئىشتەك ، نە ئۇنىڭ پەرۋايى بار .

خىيالىمنى ئەسىر ئەتكەچ ، ئىزدىدىم كۆپ ۋىسالىنى ،
شۇ شەمئى جامالىغا جانى پىدا پەرۋانە بار .

سۈرىتىنى تۇمار ئەتتىم ، سۆيۈشنى چىن خۇمار قىلدىم ،
ئوت - يالقۇن ۋۇجۇدۇمدا ئىشق تولغان پەيمانە بار .

پىراقىدا يۈرەك ئاتەش ، بولدى چىرايىم زەپىران ،
كەلمىدى ھېچ رەھمى ماڭا ، كۆڭلىدە نە پەرمانى بار .

ئەمدى يار ھالىمغا يەت ، بەر شىپالىق كۆڭلۈمگە سەن ،
شۇل تەلىپىم رەت ئەيلىسەڭ ، كۆزلىرىمدە گىريانە بار .

تەلمۈرتكۈزۈپ جان قىينىسام ، بىزار مەندىن دەپ ئويلىما ،
قانچە كۆيدۈرسەڭ كۆيەرمەن ، يەنە رۇسۇل دەرمانى بار .

جان تىكىپ جانان تېپىشقا ئەھدە قىلغان بىر ئوغۇلمەن ،
شۇل ئەھدىنى قىلماق بەجا ئىشقىم كۆچى — پەرمانى بار .

1983 - يىلى



# بالامغا

قانداق قاناي سۆيۈپ سېنى ، قەدرى ئەزىز جانىم بالام ،
قانماپتىكەن سۆيۈپ مېنى ، مېھرى دېڭىز دادام ، ئانام .

«بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن ماقال بىزگە قالغاچ ،
مىراس ئېلىپ ئاتىلاردىن شۇ ئادەتنى قىلدىم داۋام .

شۇڭا بالام كۆيۈپ - پىشىپ باقتىم سېنى ئەتىۋارلاپ ،
تەرك ئېتىپ تۈندە ئۇيقۇ ، كۈندۈز تۈزۈك ئالماي ئارام .

كېسەل بولساڭ قايسى چاغدا چاپتىم تېۋىپ - دوختۇر تامان ،
سەن يىغلىساڭ تەڭ يىغلىدىم ، بولۇپ ياشىم تارام - تارام .

قىزىل رەڭگىم بولدى سېرىق ، سولدى ياشلىق غۇنچە گۈلۈم ،
يەتتى ئەلەم ، تولدى ھەسرەت ، ئاۋۇدى كۆپ دىلدا يارام .

سەرپ ئېتىپ جىمى ۋەسلىم ، قاتتىم قاتارغا ئاخىرى ،
سەنمۇ دېدىڭ تاتلىق تىلدا «شەۋكىتىم ، پەخرىم دادام» .

تولدى شادلىق بۇ دىلىمغا، ئۆمۈر شامىم ئۆچمەس ئەبەد،
بولۇپ ۋارىس سەن ئاتاڭغا، ئىجادنى قىلغىن داۋام.

1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى



# چىن بۇرادەر كۆپ بولۇر

ئايا دوستلار ، بۇ جاھاندا ياخشى يولداش كۆپ بولۇر ،
مېھرى دەريا ، ئىشقى ئاتەش قىز - يىگىتلەر جۈپ بولۇر .

باشقا چۈشسە كۈن ئەگەر ياكى كەلسە بىر خەۋپ ،
كۆكسى قالقان ، جانى قۇربان چىن بۇرادەر كۆپ بولۇر .

ۋەلېكىن سەن بىل شۇنى ، نامەرد ئاداشىڭ ئاز ئەمەس ،
ئۇلار ھامان دىلغا ئازار يەتكۈزۈپ سەت ، دۆت بولۇر .

پايدا - مەنپەئەت ۋەسۋەسىدە ئۆلپەت بولۇپ مەلۇم ۋاقىت ،
كۆڭلى يەنە غەيرىي تۇرۇپ ، سەن بىلەن ئۇ خوپ بولۇر .

كەتسە ئامەت گەر قولۇڭدىن ئۆرۈپ يۈزىنى ئارقىغا ،
بەتلىنىپ تۇرغان يېنىڭدا خۇددى بومبا - توپ بولۇر .

كىمكى شۇنداق پەيلى قاتىل سىرلىرىنى بىلمىسە ،
قىسمىتى تەتۈر كېلىپ ، يەردىكى خەس - چۆپ بولۇر .

دوست بولۇشساڭ بول ئىسىل ، چىن ۋاپادار ئادەم تېپىپ ،
كىمكى يانسا لەۋزىدىن يۇرت ئالدىدا سەت بولۇر .

1984 - يىل 4 - ئاي



# بەختىم

دوستلۇق ، ئىناقلىق ياخشى ئىش ، دوستنى سۆيگىنىم بەختىم ،
تەپتى يالقۇن مېھرىم بىلەن دوستقا كۆيگىنىم بەختىم .

دوستلۇق ھاياتنىڭ زىننىتى ، شۇنچە شېرىن لەززىتى ،
يايرىشىپ شاد دوستلار بىلەن بىللە كۈلگىنىم بەختىم .

كەتسە شاخلاپ دوستلۇق گۈلى ، باغدا زەپ بەرقلەر ئۇرۇپ ،
ئېچىلسا توق غۇنچىلىرى ، ئۇنى كۆرگىنىم بەختىم .

پۇراق چېچىپ تۇرسا دائىم شۇ ئېسىل دوستلۇق گۈلى ،
زوق تولدۇرۇپ دىلغا خۇشال كەيپ سۇرگىنىم بەختىم .

كىمكى پايمال قىلسا دوستلۇق باغىمىز گۈلزارىنى ،
ئاڭا جېنىمنى تىكىپ ، شەرەپ بىلەن ئۆلگىنىم بەختىم .

1984 - يىل 5 - ئاي

# ياخشى ئەمەس

ئەيىب ئىزدەپ كىر كوچىلاش دوستۇم ئەھمەد ياخشى ئەمەس ،
مۇشۇك كەبى كۆزۈڭ يۇمۇپ قىلساڭ تۆھمەت ياخشى ئەمەس .

پەن بېغىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچسا قەيسەر قىز - يىگىتلەر ،
كۆز قىزارتىپ ، تۇمشۇق ئۇچلاپ ، بەرسەڭ زەخمەت ياخشى ئەمەس .

شۆھرەت ئۇچۇن جاننى تىكىپ پايدا - مەنپەئەت ۋەسۋەسىدە ،
نەپ - تەمەدە ھەريان چېپىپ يۈرسەڭ خىلۋەت ياخشى ئەمەس .

ھەسەت بىلەن يېگەن تائام تەقۋا قىلماي تەنلىرىڭگە ،
بىمار تۇرۇپ كۇندە يەنە ، قىلساڭ غەيۋەت ياخشى ئەمەس .

دوستى-يارەن چاقچاقلىشىپ ، كۇلسە خۇشال زوق-شوخ بىلەن ،
«جاڭجال قىلدى» دەپ سۆزلەشكە قىلساڭ «جۇرئەت» ياخشى ئەمەس .

جاڭجال بولسا ئەگەر راستتىن ، ئەپلەشتۇرۇش ئۇندا تۇرسۇن ،
ياغنى قويۇپ ئوت ئۇستىگە قىلساڭ ھەيۋەت ياخشى ئەمەس .

ئول خۇشامەت سەھنىسىدە رولغا چىقىپ پىرقىرايسەن ،
ئاڭا خوجايىن مەھلىيا ، شۇ ماھارەت ياخشى ئەمەس .

غەلەت قىلىپ ئەل كۆزىنى ، ناچار ئىشقا يەڭنى تۇرۇپ ،
كىشىلەرگە بەرگەن زەخمەت ۋە رىيازەت ياخشى ئەمەس .

سەن قوللانغان مىكرى تولا ، بىلمەس ئۇنى ئاۋام - پۇقرا ،
تۇزەتمىسەڭ شۇ ئىللەتنى ياغار ئاپەت ، ياخشى ئەمەس .

1985 - يىلى



# بولۇر

ئۆزى رەنا ، بويى زىبا ، قەددى چىنار يارىم بولۇر ،
گۈلدەك يۈزى ، شېرىن سۆزى ، ھۆسنى خۇمار ، يارىم بولۇر .

جىسمى گۈزەل ، خۇش كەرەشمە ، قەلبى ئالتۇن بىباھا ،
ساچى سۇمبۇل ، كۆزى ئويناق ، مەڭزى ئانار ، يارىم بولۇر .

قىزلار ئارا قاشى قارا ، كۆڭلى ناۋا ، خۇلقى داۋا ،
پىستە ئوخشاش لەۋلىرىدىن شەربەت تامار ، يارىم بولۇر .

ئىشلەر ئېتىزدا يەر تېرىپ ، ئۆيدە چېۋەر ئۇستا زىرىپ ،
ھەر ئىشى ئۈلگە - نەمۇنە ، ئىلھام - مادار ، يارىم بولۇر .

ھەر كۈنى تىرىشىپ ئوقۇر ، ئەل ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قاتۇر ،
ماگما ئوخشاش قەلبىدىن ئوت - گۈلخان يانار ، يارىم بولۇر .

تىرىشچانلىق روھى ئۈستۈن ، تىرىشىپ يىغار بىر پۈكىنمۇ ،
شۇ ئېسىل خىسلەتنى ئۇ قىلغان تۇمار ، يارىم بولۇر .

كۆپ پەزىلەت بىرلە داڭلىق بۇ دىيار - يۇرتۇمدا ئۇ ،
ئىسمى غۇنچە ، جىسمى غۇنچە ، بەختى باھار ، يارىم بولۇر .

1985 - يىلى



# تۇزۇك

ئەي ئاداشىم ، دوستقا چىندىن مېھرىبان بولغان تۇزۇك ،
چۈشسە باشقا كۈن مۇبادا ياخشىلىق قىلغان تۇزۇك .

ئامىتى قولدىن كېتىپ ، بولغاندا ئۇ يوقسۇل ـ گاداي ،
قول سوزۇپ ئاڭا ، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغان تۇزۇك .

غوۋغا ـ نىزا قىلسا كىمكى ، ئاجىزلارغا دەشنام بېرىپ ،
ئاشۇ مىسكىن ـ ئاجىزەگە يار ـ يۆلەك بولغان تۇزۇك .

تەخسىكەش ، غەيۋەتچىلەردىن ئەل بىزار بولغان نىكەم ،
ئىش قىلىپ ھەققانىي ، خالىس ، شوخ چاۋاك ئالغان تۇزۇك .

كىم ئاشۇنداق ئۆتسە ھەردەم ، دىل ئازابى چەكمىگەي ،
كەڭ ئاۋامنىڭ قەلبىدە ئىنسان سۆپەت قالغان تۇزۇك .

1985 ـ يىل 6 ـ ئاي

## سەن ئۈچۈن ھۆرمەت ياغار

ئارمىيەمسەن غەمگۈزارىم ، ئەلگە سەندىن شەپقەت ياغار ،
جانغا ھۇزۇر ، كۆچ بەرگۈسى سۆزلىرىڭدىن شەربەت تامار .

ياۋنى بەربات ئەيلىشىڭگە قايىل خەلق ، پۈتكۈل جاھان ،
جەڭ - چېلىش زەپەرلىرىڭدىن خەلقىم يەنە جۇرئەت تاپار .

ئەل - ۋەتەننى گۈللىتىشتۇر سەندىكى مەقسەت - نىشان ،
كۈچ بۇلىقى تەنلىرىڭدىن توختىماي غەيرەت ئاقار .

لېي فېڭچە خىسلەت سەندە كۆپ ، ھەر جايدا بار ياخشى ئىشىڭ ،
شۇ پەزىلەت - ھىممىتىڭدىن ھەر كىشى دەۋەت تاپار .

ساڭا كۆپ ئەل رەھمىتى ، بار سوۋغىسى - ھەشقاللىسى ،
شۇ ئۈچۈن ھەربىر قەدەمدە سەن ئۈچۈن ھۆرمەت ياغار .

1985 - يىل 7 - ئاي

## بىرلىك ـ ئىناقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت

بىرلىك ـ ئىناقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ، غەلىبىسى داستان بولۇر ،
ھەركىمدە ئىلھام جۇش ئۇرۇپ ، نەزمىسى فونتان بولۇر .

ھەممە مىللەت چىك ئۇيۇشۇپ جەڭ ئېتى چاپماقتا تېز ،
ھەر كىشى بىر ئارسلان ، بەيگىدە سۇلتان بولۇر .

بىرلىك ـ ئىناقلىق ناخشا ـ خور ، ھەممە مىللەت ئاڭا جور ،
شۇڭا ھەر دىل زوقلىنىپ ، كۆڭلى خۇشۋاق ـ خەندان بولۇر .

بىرلىك ـ ئىناقلىق رىشتىمىز چىڭىماقتا كۈنسېرى ،
ئۆملۈك ـ كۈچتىن قانچە چۆل گۈل ـ لالىزار بوستان بولۇر .

ئىتتىپاقلىق سۆيگۈسى دەريا بولۇپ ئۆركەش ياساپ ،
چەشمىلىرى ئۈنچە چېچىپ ، تەنگە ھۇزۇر ، دەرمان بولۇر .

1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

## ئۇيۇشۇپ بولسا ئىناق

ئەگەر بىرلىك ئىزدىسە كىم ، قەلبىنى ئىلھام قۇچار ،
يەككىلىكنى قوزغىسا كىم ، باغدىن قۇزغۇن ئۇچار .

كىم ئىناقلىق رىشتىسىنى چىرماپ يۈرەككە يەشمىسە ،
مەڭگۈ كۆڭلى شاد شۇنىڭ ، ئىقبال گۈلى پورەك ئاچار .

كىمكى چاغلاپ لاچىن ئۆزى ، بىلسە قۇشقاچ ئۆزگىنى ،
پەرۋاز قىلالماي كۆكتە قاڭقىپ ، ئاخىرى موللاق ئاتار .

كىمكى ئىناقلىق باغىغا قىلسا پەرۋىش گۈل تېرىپ ،
ئېچىلىپ غۇنچە پورەكلەر ، زەپ ئېسىل پۇراق چاچار .

بىر نىيەتتە ھەرقاچان ئۆملىشىپ كىم بولسا ئىناق ،
نەدە بولسا گۈم جاپا ، غەلبىسىرى داۋان ئاشار .

1989 - يىل 1 - ئاي

## يېزىدىكى دوستۇمغا

سەنمۇ ئادەم ، باشقىلاردەك يوغان - يوغان چامدىغىن ،
قامچا سوقۇپ ئاتلىرىڭغا هارۋاڭنى تېز ياندىغىن .

سەپ بېشىدا ماڭساڭ سەنمۇ شاد كۆلەرمىز ھەممىمىز ،
كۆزلەپ ماڭغىن باي بولۇشنى ، ئارقىغا سۆڭ يانمىغىن .

تالاي يىللار پىتىرلىدىڭ قىردىن نېرى ئاشالماي ،
پۇرسەت كەلدى ئەمدى ساڭا ، بۇلاق كەبى قاينىغىن .

كېلەر بەخت - ئامەت ساڭا تۆككەن ھالال تەرىڭدىن ،
يامغۇر بىلەن ياشارغان مايسىلاردەك ئاينىغىن .

رىقابەتلىك ئالەم بۈگۈن ، بولغىن چېۋەر ، تەدبىرلىك ،
يولىن توسقان مۇشكۈللەرنى بۆسۈپ چەتكە تاشلىغىن .

سالغىن نەزەر دەۋرىمىزگە ، مۆجىزىلەر كۈندە كۆپ ،
توختىمىغىن بىر ئىزىڭدا ، يېڭى ئىشلار باشلىغىن .

1990 - يىل 4 - ئاي

# زوقۇم كېلۇر

بارچە مىللەت خۇشال - ئىناق ئۆتسە ئاڭا زوقۇم كېلۇر ،
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن دەپ ئوك كۆزۈمدە باققۇم كېلۇر .

تىنچ ، مۇقىم ، ئاسايىشلىق كۈلۈپ تۇرسا دىيارىمدا ،
شۇنداق گۈزەل تۇرمۇش بەرگەن دەۋرىمگە گۈل ئاسقۇم كېلۇر .

نىزا - ماجىرا ، ئازارلىقتىن شان تاپالماس ئىشىمىز ھېچ ،
ئۆم - ئىناقلىق دەرياسىدا ئەل بىلەن تەك ئاققۇم كېلۇر .

بارچە مىللەت قول تۇتۇشۇپ ھالال تەرنى بىللە تۆكسەك ،
گۈلخان بولغان چوغ يۈرەكنى بىر - بىرىگە چاتقۇم كېلۇر .

دوستلۇق گۈلى ئاچسا پورەك ، ئۆم - ئىناقلىق باغى گۈللەپ ،
خۇشال بولۇپ باغدا ئەجەب قاناتىمنى قاققۇم كېلۇر .

ھۆسن قوشار سەمىمىيلىك دوست - ئىناقلىق گۈلباغىغا ،
ئۇلۇغ ئىلھام دەرياسىغا يامغۇر بولۇپ ياغقۇم كېلۇر .

1991 - يىل 2 - ئاي

## بولدى

گۈزەل ئالتۇن دىيارىمغا كېلىپ نورۇز ناۋا بولدى ،
باھار ئەييامىغا كۈي قات دېگەن جۇشقۇن سادا بولدى .

تېشىپ ئىلھامى شائىرنىڭ دىلىدىن ئۇرغۇدى نەزمە ،
ۋىسال قۇچقان كۆڭۈللەردە بەلەن تەرىپ - باھا بولدى .

بۈگۈن يۇرتۇمدا چوڭ بايرام ، تۈمەن مەنە بىلەن تولدى ،
سۇناي ، ناغرا ، ئۇسسۇل بىرلە ئەجەب لەرزان ساما بولدى .

ئۆزىنى ئەيلىشىپ رۇستەم ، تۇتۇشتى بەلنى باتۇرلار ،
يېڭىپ چىقماققا ئىستەك زور ، ئىرادە نۇر - زىيا بولدى .

خالايىق كۈلدى شادلىقتىن ، قېنىپ ئارزۇيۇئارمانغا ،
بۇ كۈننىڭ ھەر دېمى ئەنبەر ، يۈرەكلەرگە داۋا بولدى .

قۇچۇپ گۈلزار باھار بولدى ، ئىپارغا لىق تولۇپ باغلار ،
گۈزەل يۇرتۇم چېچەك ئاچتى ، ئەجەب خۇشخۇي ھاۋا بولدى .

تەبىئەت جابدۇنۇپ چىقتى ئېچىپ ھۆسنى ـ جامالىنى ،
كۆڭۈلنى ياشنىتىپ خويمۇ ، ھۇزۇر ، سالقىن سابا بولدى .

بېزەلدى ھەر كوچا ـ رەستە ، ياساندى ئۈز ، گويا گۈلدەك ،
نەزەر سالساڭ جىمى ئەتراپ گويا رەڭدار تاۋار بولدى .

يىگىت ـ قىز ھۆسنى ئوتقاشتەك شەپەقنىڭ رەڭگىنى ئالدى ،
قىلىپ گۈلنى خىجىل جانان گۈزەل بىر دىلرەبا بولدى .

سۈرۈپ كەيپىنى نورۇزنىڭ كۈلۈپ خەلقىم بىلەن مەنمۇ ،
خىيالىم ئۇلپىتى دىلدار كۆز ئالدىمدا جۆلا بولدى .

لېۋىڭنى جام قىلىپ گۈليار قۇيۇۋەرگىن شارابىڭنى ،
غەنىيمەت پەيتى بۇ كۈنلەر ، مۇھەببەتكە راۋا بولدى .

مۇھەببەت دانلىرىن چاچتىم ئۇلۇغ نورۇز مەرىكەمگە ،
ھوسۇل بولسۇن كېلەر يىلمۇ ، مۇشۇ شېئىرىم گۇۋاھ بولدى .

1991 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



# قەلىمىم

قولغا ئالسام گەر قەلەمنى سۆزلىرىم مارجان بولۇر ،
قالدۇرۇپ قۇرلاردا زەر ئىز ، پۈتكىنى داستان بولۇر .

تەلپيى كەلسە قەلەمنىڭ تاڭ سەھەردىن تۈنگىچە ،
ئىلھام قىزى لەۋلەر سوزۇپ ، ئاڭا بىر مېھمان بولۇر .

كاجلىقى گەر قالسا تۇتۇپ مۇز كەبى قېتىۋالار ،
سۆزلىرى ھېچ شېرىن ئەمەس ، بىر ئەيىب-نۇقسان بولۇر .

بەزى چاغدا ئۆتكۈر قەلەم تىزسا زەر - گۈلدەستىلەر ،
تىزىلىپ قۇرغا قىياقتەك ھۆسنى گۈل - بوستان بولۇر .

پىكىرگە كۈچ - جان قوشار ئىلھام سۈيى ئاقسا ئەگەر ،
يېشىلىپ تۈگۈن - چىگىشلەر ، قەلىمىم شادىمان بولۇر .

مۇھەببىتىم ئاسمىنىدا قەلىمىم قۇچسا ۋىسال ،
شوخلىنىپ ھەر ۋاراقلىرىم ، قۇرلىرى جانان بولۇر .

1993 - يىل 3 - ئاي

## قىلماي ئەمدى گۇمانمەن

قاپاق پۇلتى ئەسلىدە، بولدۇم پۇللۇق باراڭمەن،
گۆھەر ئىدى ياخشى ئىش، ئەمدى قۇرۇق پاراڭمەن.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى چوڭ بولار ئىدى ئەسلىدە،
بىئەتىۋار ئىشلىگەن، بولدۇم مەنمۇ غازاڭمەن.

شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ئىش كېلىپ تۇردى ئۆلىشىپ،
تۇگىتەلمەي ھەمىشە بولدۇم گويا ساراڭمەن.

ئېزىپ قالسا كىمكى، كۆرسەتتىممەن توغرا يول،
ئاخىرىدا گۇناھكار، بولدۇم يامان قارامەن.

يېشىل - كۆكۈچ ئىشلارغا يول قويمىدى غۇرۇرۇم،
بىر كۆزۈمنى قىسالماي، بولدۇم ياخشى تارامەن.

نېمە بولدى بۇ جاھان، ئىنساب كەتتى كىشىدىن،
ھالال ياشاپ كۆلەلمەي، بولدۇم ئاخىر ھارامەن.

بىراق ، قاينام دەريانىڭ چىقار بىر كۈن كېچىكى ،
ئېچىلغۇسى بۇ يوللار ، قىلماي ئەمدى گۇمانىمەن .

بۇلۇت تاراپ ، نۇر تولۇپ پاكىزلەنگەي بۇ جاھان ،
كەلگۈسىنى نىشانلاپ ئاشاي دائىم داۋانىمەن .

1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى



# دېمىگىن

كەلمەي تۇرۇپ تاغ تۈۋىگە داۋان ئاشتىم دېمىگىن ،
كۆرمەي تۇرۇپ دالا - قىرنى ، بىنەم ئاچتىم دېمىگىن .

بارماي تۇرۇپ باغ - ئېتىزغا ياكى ئۆستەڭ بويىغا ،
تاڭ سەھەردە تەر ئاققۇزۇپ كەتمەن چاپتىم دېمىگىن .

سۇ - سەل كەلمەي مەھەللىمىزگە ئۆتتى ئايدىن نەچچىسى ،
تاغنى يېرىپ سۇ كەلتۈرۈپ باغقا ئاچتىم دېمىگىن .

قويغىنىڭ يوق بىر تال كۆچەت هويلا - باغىنىڭ ئىچىگە ،
شۇنداق تۇرۇپ سېۋەتلەرگە ئۆرۈك قاقتىم دېمىگىن .

راۋىقىڭدا راھەت ئۇخلاپ ، كۆپ چۈش كۆرۈپ كۈن بويى ،
پاكىز قىلىپ هويلىلارنى ، ئىشىك ئاچتىم دېمىگىن .

چۈشۈڭدىمۇ كۆرمىگەن هېچ ئاشۇ چەكسىز ئېتىزغا ،
كۆزلەپ هوسۇل نەچچە پاتمان ئۇرۇق چاچتىم دېمىگىن .

بىر تىرىكتاپ ، يامان كاززاپ ، ئۇستا شەيتان سەن تۇرۇپ ،
ئەجىر قىلىپ ، هالال ئىشلەپ كۆپ پۇل تاپتىم دېمىگىن .

پەغىزىڭگە بىرەر كەپتەر قونماي تۇرۇپ ئەزەلدىن ،
لاپلار ئۇرۇپ بىر يېرىڭدە لاچىن ئاتتىم دېمىگىن .

يىل ئۆرۈلدى بوۋاي بولۇپ يۈرگىنىڭگە ئەي ئاداش ،
قىرانلىققا ئەمدى يەتتىم ، ئوتتۇز ياشتىم دېمىگىن .

بىلمەي تۇرۇپ بۇغداي قانداق ئۈن بولىدۇ دېگەننى ،
تەرلەپ - پىشىپ قانچە تونۇر نانلار ياقتىم دېمىگىن .

بىلىم ئېلىپ چالا - بۇلا ، ساختا دىپلوم ئىشلىتىپ ،
سەن ئۆزۈڭچە ماختىنىپ قامۇس ئاچتىم دېمىگىن .

بىرەر موچەن تاپقىنىڭ يوق ، ساهىللاردەك ھەر كۈنۈڭ ،
شۇنداق تۇرۇپ مەن بوينۇمغا زۇننار ئاستىم دېمىگىن .

ئوقۇپ باقماي شېئىر - مىسرا ، يا قولۇڭدا يوق قەلەم ،
شائىر بولۇپ يازدىم داستان ، قوشاق قاتتىم دېمىگىن .

خىجىل بولغىن ئەمەلدە يوق گەپ - سۆزۈڭگە ئەمدى سەن ،
نادانلارنى ئازدۇرۇپ كۆپ ، پايدا تاپتىم دېمىگىن .

1999 - يىل 4 - ئاي

## قەدرىگە

كۆنده ، تۆنده ئويناپتىمەن ، تېنىم ساق دەپ خەنده ئۇرۇپ ،
خەس قىپتىمەن تەنلىرىمنى بارچە ئىمكان مەنده تۇرۇپ .

جاي - جايلاردا ئىچىپتىمەن ئەس - هوشۇمدىن ئايرىلغۇچە ،
«ئىچمەيمەن» دەپ قانچە قېتىم كۆپكە بەرگەن ۋەدە تۇرۇپ .

يېدىم ، ئىچتىم هېچ تالللىماي ، هۇرۇپ تۇرغاچ ئىشتىهايىم ،
قىلماپتىمەن ئانچە هەرىكەت ئەتىگەنۇتاڭدا تۇرۇپ .

قورساق سېلىپ بىتاپ بولدۇم ، ئاغرىپ تۇردى هەممە يېرىم ،
نەدىن تەگدى بۇ بىر كېسەل ، مەن بىر مۆمىن بەندە تۇرۇپ .

يەتمەپتىمەن هېچ قەدرىگە «تەن ساقلىق بىر بايلىق» دېسە ،
كەڭرى پۇرسەت - ئىمكانىيەت ، سائادەتلىك كۆنده تۇرۇپ .

كەتسە پۇرسەت ئەپسۇسلىنىپ ، پۇشايماننى قىلغان بىكار ،
ئىرادىگە كېلەي ئەمدى ئىخلاس بىلەن مەيدە ئۇرۇپ .

ئادەت ـ مىزان ، ھېكمەت بىرلە كۆرۈپ ئىشلار ، ئاسراي بەدەن ،
ھەرىكەت قىلىپ چېنىقاي مەن ھەر تاڭ سەھەر كۈندە تۇرۇپ .

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى



## دېسەم

تەلپۈنۈپ قاشىڭنى ئاتتىڭ ، مەن يېنىڭغا بارماي دېسەم ،
ئىلىندۇردۇڭ قارمىقىڭغا ، ئۆز يولۇمدىن قايتماي دېسەم .

قىلىۋالدىڭ رام ئۆزۈڭگە ، شەھلا كۆزۈڭنى ئويىنتىپ ،
كۆيدۈردۈڭسەن گۈلخان كەبى ، شېرىن سۆزۈڭ ئاڭلاي دېسەم .

مېنى گويا توشقان كۆرۈپ ، ئوۋلىدىڭسەن قوشۇڭ سېلىپ ،
چېچەكلىكتە سەيلە قىلىپ ، گۈلزارىڭدا ئويناي دېسەم .

بەزى چاغدا بۆرە بولدۇڭ ، مېنى گويا پاقلاپ بىلىپ ،
پادا باققان ئاشۇ يايلاق باشىدا مەن ساقلاي دېسەم .

يالۋۇرۇپ يانىڭغا بارسام ، ھەرە بولۇپ چاقتىڭ ئەجەب ،
كۆرۈپ ھۆسنى - جامالىڭنى شامال بولۇپ يايراي دېسەم .

كەچمىشلەرنى ئويلىسامەن كېتىپتىمەن بەك يىراققا ،
تېپىپ ھوشۇم ياخشى چاغدا ئەل ئۈمىدىن ئاقلاي دېسەم .

سېغىنىشمۇ قالدى تۈنەپ يۈرەكلەرنىڭ قاتلىرىدا ،
قىسما كۆزۈڭنى ، بولدى بەس ، كەلمە ھەرگىز ۋاي-ۋاي دېسەم .

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى



# بار دېسە

(ئازغان ياش تىلىدىن )

ھەۋەس بىلەن ئۈچۈپتىمەن ئۇندا شادلىق بار دېسە ،
چىش بار چاغدا گۆش يېۋالغىن ، ساڭا ياشلىق يار دېسە .

جەم بولۇپتۇق ئۇلپەتداشلار بەزى توقاي - تاغلاردا ،
كەلدى پۇرسەت ، ئوينا - ياشا ، كۈندە خۇشلۇق بار دېسە .

ئەت - تېرەمگە پاتماپتىمەن ، نەگە بارسام ھۆركىرەپ ،
ئىچىپتىمەن مەست بولغۇچە ، خوشە ! شاشلىق يار دېسە .

ئېرىتقۇلار باشلاپ ماڭسا چامداپتىمەن ئالدىدا ،
غۇنچە بويلۇق نازىنىن ، گۈل - قەلەمقاشلىق بار دېسە .

ئاشۇ ماڭغان يوللىرىمدا ھايۋان ئىزى كۆرۈنسە ،
گۇمان قىلدىم ، بەكمۇ تار يول ، ئۇندا تاشلىق بار دېسە .

پۇل قالمىسا تەلەي سىناپ باردىم تاۋكا - بۇلۇڭغا ،
ئۇتتۇرغاندا مۇشت كۆتۈردۇم ، جەمشىت شاھلىك بار دېسە .

پۇل تۈگەپتۇ ، ئۈچامدىكى ئەڭلىم قالماي يىرتىلىپ ،
ئاچ قاپتىمەن ، كۆنمەي گەپكە ، ساڭا ئاشلىق بار دېسە .

يانچۇقىمۇ قول ساپتىمەن ، قورقماي ئوغرى بولۇشتىن ،
قىلغىن ئەمگەك نېسىۋەڭ رىزقىڭغا تۇشلۇق بار دېسە .

ئۇنتۇلۇپتۇ بەرگەن بارچە ۋەدە ، توۋا ، قەسىمىم ،
كۆنمەپتىمەن توغرا يولغا ، ساڭا بايلىق يار دېسە .

كىرىپتىمەن قول باغلىنىپ ئاخىرىدا تۈرمىگە ،
ھېچ ئۇنىماي ، بۇ يولدا ساڭا ئۇياتلىق بار دېسە .

بەك كېچىكىپ توۋا قىلدىم ، كەلمەس ئەمدى ئورنىغا ،
ئەمدى راستىن ئىشەندىم ، يۇرتقا ئامانلىق يار دېسە .

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



# قار ياغقان كۈنى

تاڭ سەھەردە يەر - زېمىن كىيىۋاپتۇ ئاق لىباس ،
ھۆسن تۈزەپ تەبىئەت بولۇپ قاپتۇ قىشقا خاس .

«قىش باھارى» دېيىشىپ ، قىز ۋە يىگىت ، باللار ،
سەكرىشەتتى قار كېچىپ ، پومزەك ئېتىپ شۇنچە شاش .

دوقمۇشلاردا «قار بوۋاي» ياسىۋەتكەن باللار ،
ماھارىتى ئۈستىدە قىلىشاتتى دەتالاش .

مەيدان ، باغچە ئادەمگە توشاق ئىدى بايرامدەك ،
چۇشۇشەتتى سۈرەتكە سانسىز يىگىت ، قەلەمقاش .

ئۈچار قۇشلار شۇمشىيىپ داللارغا مۆككەندە ،
نۇرغۇن ئوماق باللار چېچىشاتتى دان ۋە ئاش .

«قارمۇ ياغدى ، ئاش ياغدى» دېيىشكەنچە بوۋايلار ،
چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ ، بوپ كېتىشتى بەكلا خۇش .

ساز كەيپىيات ، زوق بىلەن «قار سەيلىسى» باشلىدىم ،
ئوينىۋالدىم بىر قەپەس ، بوپ قالغاندەك مەنمۇ ياش .

ئۆلپەت بولۇپ شائىرلىق ئىلھام قوشتى پەيزىمگە ،
يارغا قارلىق تاشلىدىم ئۆلغايسۇن دەپ ئوت ـ ئاتەش .

چۆمۈپ رۇسۇل ھاياجان ، شاد ـ خۇراملىق پەيزىگە ،
نەزمە پۈتتى قەلىمى شۇنچە ئويناق بولۇپ شاش .

2005 ـ يىل 2 ـ ئاي



# ئاراڭلاردا بىز يەنە

پېنسىيەگە چىقتۇق دوستلار ، بىزدە خۇشال كەيپىيات ،
ئەزىز مېھمان كۇتۇلگەندەك ئۆتمەكتە بۇ ھۆر ھايات .

كەپتۇ ، — دېدى دوستلار كۇلۇپ ، خۇش مۇبارەك كۆنلىرىڭ ،
دېدى ، — ئاسمان - كائىناتقا قاقىن يېيىپ كەڭ قانات .

كۇلۇپ كەتتى جان - تەنلىرىم ، گويا ئاپتاپ كۆنلىرىم ،
تەزىم قىلدى قەلەم - قەغەز ، مېڭەم بولۇپ شاد - ئازاد .

تىلەپ ھەرئان تەنگە ساقلىق ، ئائىلىگە ئامانلىق ،
قىلسام مەمنۇن ئەل - يۇرتۇمنى ، كۆكلەرنى باغ - ئاۋات .

ئىشىڭلاردا بولمىساقمۇ ، ئاراڭلاردا بىز يەنە ،
سىلەر كەبى شاد ياشايمىز ، سۇرۇپ ھۇزۇر - ھالاۋەت .

2005 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# ياخشىلارغا ياخشى سۆز

ھەر دوقمۇشتا مىڭ سالام بار ياخشىلارغا ،
ئەللەر ئۈنى قوشاق قىلار ناخشىلارغا .

ھۆرمەت بېرەر ، قوللار سۇنۇپ ، يوللار بېرەر ،
مىڭ جان بېرەر ، ئوخشىتىپ ئۆز ، باشچىلارغا .

ئۈچرىغانلار ئاتتىن چۈشەر ، جىمجىت توختار ،
ھۆرمەت بىلەن بەخت تىلەپ ياخشىلارغا .

بولسا ئاپەت شۇ جايدا ھەم ياخشىلار بار ،
ئوخشاپ خۇددى جەڭچى ، ئەسكەر ، ساقچىلارغا .

ياخشىلارنىڭ تەرىپى كۆپ داستان بولار ،
قوينى سويار ، سالاملاشسا قوشچىلارغا .

سەپەرلەردە بولۇپ قالسا چۆللەر ئارا ،
بارنى تۆكەر ئۈچراپ قالسا قۇشچىلارغا .

تۆمۈرچىدە بازغان سوققان ئىشلىرى كۆي ،
داڭقى بارار چۆللەردىكى تاشچىلارغا .

ۋاپا - مەدەت كېلەر ھەر جاي ياخشىلاردىن ،
ئوخشىمايدۇ چۈنكى شەيتان - باخشىلارغا .

تەلەي - ئامەت قۇچۇپ ياشار ئەجرى بىلەن ،
كۆز سالمايدۇ ياتلار سۈنغان ئاقچىلارغا .

ئادىمىيلىك خاس خىسلىتى ئەلگە ئۆرنەك ،
مېھرى ئوتلۇق ئوخشىمايدۇ باشقىلارغا .

ئۆم - ئىناقلىق تەختىدە بىز تەڭ ياشايلى ،
ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ ھەممە ياخشىلارغا .

2008 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ، ئۈرۈمچى



# سەكسەن يېشىڭ مۇبارەك

(داڭلىق ئادۋوكات ئابابەكرى ساۋۇتكامنىڭ
81 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )

ئەسسالامۇئەلەيكۇم دوست - بۇرادەر ، يۇرتداشلار ،
ئېھتىرامىم كۆپ مېنىڭ يېقىن ئۆتكەن قولداشلار .

بار مېنىڭمۇ تەبرىكىم «قەشقەر» دېگەن دىياردىن ،
كۆكلەم گۈلى ئېپ كەلگەن تاڭ ساباسى ناھاردىن .

ئا . ساۋۇتكا مۇبارەك بولسۇن سەكسەن يېشىڭغا ،
يېقىن بولسام باراتتىم تەبرىكلەش زور ئىشىڭغا .

ھېچبولمىسا بىر دوپپا كىيدۈرەتتىم بېشىڭغا ،
بەرىكەت تىلەپ يۈرەكتىن ئۇزاق ئۆمۈر يېشىڭغا .

مانا بۈگۈن دوستلارمۇ كەپتۇ تولۇق قاتارى ،
جور بولۇشۇپ ناخشىغا راۋاب ، غېجەك ، دۇتارى .

ھەممە تۆرۈپ ئورنىدىن بىلدۈرۈشتى ئېھتىرام ،
گۈل تاقىدى مەيدەڭگە ، دەپ مۇبارەك ، ئەسسالام .

سەكسەن يىللىق ئۆمرۈڭدە تالاي قىسمەت كۆرۈلدى ،
ھەر مۇشەققەت - جاپانىڭ بويىنى سەندە ئۈزۈلدى .

يۇلسىراتتىن ئۆتتۈڭ كۆپ ، توختاپ قالماي «ئۆتەك»دە ،
تەمتىرىمىدىڭ يوللاردا ، يۈك بولسىمۇ ئۆشنەڭدە .

ئول پەلەكتىن كۈتمىدىڭ ئۈمىد ، شەپقەت ، ۋىسالنى ،
يېگىتلەردەك ياشىدىڭ ، سەندىن ئالساق مىسالنى .

نەگە بارساڭ ھەر ۋاقىت يۈردۈڭ خۇشال ، خۇش چىراي ،
كەمتەرلىكىڭ ھەممىگە ئاچتى ئىللىق دىل ساراي .

سەندە باردۇر ئويلىسام خىزىر سۈپەت سالاپەت ،
قىزىلگۈلدەك چىرايلىق تۇردۇڭ ئوبدان ، سالامەت .

ھاياتلىقىڭ گۈلىنى كۆردۈم باھار پەسلىدە ،
پۇكۈلمەيتۇ قەددىڭ ھېچ ، گويا بىر تاغ بەستىدە .

كەچ كۈز دېمە ئۆمرۈڭنى ، ياشاۋەرگىن يىگىتتەك ،
يارىشىدۇ ھەم ساڭا سەكرىسەڭمۇ كېيىكتەك .

ئادەم ھايات مۇھەببەت قېرىمايدۇ تا ئەبەد ،
ياشلىق قېنىڭ تومۇردا دولقۇنلىسۇن داۋامەت .

بولۇپ بىزگە تەۋەررۇك ئۇزاق ئۆمۈر كۆر يەنە ،
يۈز يېشىڭغا كەلگۈسى قىلايلى چوڭ تەنتەنە .

2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى



# قەشقەر قىزى

قەشقەر قىزى تەرىپىڭنى قىلمىغانلار بارمىكىن ،
ئالەمدە بىر نۇر چىرايىڭ ئاسماندىكى ئايمىكىن ،
كۆڭلۈڭنىڭ كەڭ ، ساپ ، ئاقلىقى تاغلاردىكى قارمىكىن ،
سۆيگۈ چوڭقۇر ، يۈرىكى ئوت ، مەرد يىگىتلەر يارمىكىن ،
تاللىنىۋالغىن ئاشىقىڭنى ، كىمگە مەيلىڭ بار ئىكەن .

سېنى كۆرگەن ھەر يىگىتنىڭ دولقۇنلايدۇ يۈرىكى ،
ۋىسالىڭغا يەتمەك ئىرۇر گۈزەل ئارزۇ - تىلىكى ،
شەرتنى قويساڭ قايسى ئىشقا تۈرۈلىدۇ بىلىكى ،
سەندىن باشقا گۈزەل يوقتەك يارىمايدۇ بۆلىكى ،
مەپتۇن قىلغان ھەر يىگىتنى چىرايىڭ ئۈز - گۈلمىكىن .

زەپ ياراشقان سۇمبۇل چېچىڭ مەجنۇنتالدەك بويۇڭغا ،
پەرلىنىپتۇ ھالقا ، ئۈزۈك ، قۇلاق بىلەن قولۇڭغا ،
ۋىسالىڭغا زار يىگىتلەر تەلمۈرىدۇ يولۇڭغا ،
«كۆكۈل گۈلى» دەستە - دەستە ، باقساڭ ئوڭ ۋە سولۇڭغا ،
ھۆسنۈڭ گويا پەرىشتىدەك ، گۈزەللىكىڭ ئايمىكىن .

مەپتۇن قىلار «دىلبەر» ، «دىلدار» ، «دىلناز» دېگەن ئاتلىرىڭ ،
كىتاب بولۇر يىگىتلەردىن ئالغان سۆيگۈ خەتلىرىڭ ،
سۆيۈندۈرەر سۆيگىنىڭگە بەرگەن جاۋاب گەپلىرىڭ ،
ئورۇنلىنار ۋاپا ، ئۈمىد ، ۋىسال تاپقان شەرتلىرىڭ ،
پەم - پاراسەت ھەم چېچەنلىك ساڭا ئەسلى يارمىكىن .

مۇقام ئوقۇپ ، ئويناپ ئۇسسۇل ، ئالەمچە بار شادلىقىڭ ،
دولقۇن ئۇرار دەريالاردەك ئۆركەشلىگەن شاشلىقىڭ ،
بېرىلمىدىڭ جۇۋانلىققا ، مەنگە باي ياشلىقىڭ ،
ئالار ۋىسال خامىنىنى جانغا ھۇزۇر تاتلىقىڭ ،
يۇرت - ۋەتەننى ، يار سۆيۈشتە سەندەك لەۋەن بارمىكىن .

تىككەن دوپپاڭ ، رەشىلىلەر زىرىپلىقتا ئېپتىخار ،
چاچتەك لەڭمەن ، چۆچۈرەڭگە بولار ھەركىم ئىنتىزار ،
گۈل ئۆستۈرگەن ھويلا - ئارام شۇنچە گۈزەل لالىزار ،
مۇنداق قولى چېۋەر قىزنى ھەممە قىلار ئىختىيار ،
كامال تاپقان بەرنا قىزغا ئېسىل ئەخلاق يارمىكىن .

مېھىر ئەيلەپ ھەر مېھمانغا ، كۈتتۈڭ بولۇپ پەرۋانە ،
سۈلكەتلىرىڭ مېھمانلارنى قىلار ئەجەب ھەيرانە ،
خىجىل قىلماس چوڭلارنى ئۇ ، ئەزىز نازىنىن دىلدارە ،
بويى سەرۋى ، ئەجەب زىبا ، ئۆپىنىڭ گۈلى رەيھانە ،
ئۆي تۇتۇشتا پىرى ئۇستاز خاسىيىتى يارمىكىن .

توي كۈنىدە قىز ئورنىغا خۇددى توزدەك گۈل كېلەر ،
دوست ، مۇھەببەت ئېتىزىدىن بەرىكەت تاپقان قول كېلەر ،
ئۇسسۇل - ناخشا ، بېيىت - قوشاق ، ئىلھام بېرىپ مول كېلەر ،

ھۆسن قوش دەپ گۈل ھۆسنىگە گۈزەل يارغا يول كېلەر ،
ئاي مەسەللىك قەشقەر قىزى ساڭا تەلەي يارمىكىن .

شۇڭا سېنى سۆيۈپ قالدىم قەشقەر قىزى يار بىلىپ ،
پاك ، سەمىمىي شۇ قەلبىڭنى خۇددى ئاپپاق قار بىلىپ ،
ماڭا ھەمراھ بىر ئۆمۈر دەپ ، ئۇلۇغ ئىستەك بار بىلىپ ،
قىساي سېنى ۋاپادارلىق سۆيگۈسىدە گۈل بىلىپ ،
ئىپتىخارىم سەن يار دېدىم ، ماڭا مەيلىڭ بارمىكىن .

2006 - يىل 3 - ئاي



# تۇرمۇش تەرمىچىلىرى

## چىقماس ئاشۇ چاغ ئەستىن

كۆزۈم ساڭا تىكىلەر ،
كىرپىكلىرىم ئۇچراشماي .
بىر كۈن ئۆمۈر ئۆتكەنمۇ ،
سەن بىلەن مەن سىرداشماي .

قىيىن شۇنچە ئايرىلىش ،
كۆڭۈل ھەرگىز ئايرىلماس .
بىر شاختىكى گۈل بىزلەر ،
بوراندا ھېچ قايرىلماس .

شۇنچە قىيىن ئايرىلىش ،
كۆڭۈل سۆيگەن يار - دوستتىن .
ئايرىلسىمۇ جىسمىمىز ،
چىقماس ئاشۇ چاغ ئەستىن .

1963 - يىل 5 - ئاي

# قالىدۇ ئەستە

كۆرىمەن سەھەر دوستلار قولىدا ،
قىزىل ئېچىلغان غۇنچە گۈللەرنى .
گۈل گۈزەللىكى بېغىشلاپ ھۇزۇر ،
ئەجەبمۇ مەپتۇن قىلار دىللارنى .

تاراپ گۈللەردىن يېقىملىق پۇراق ،
دوستتىن - دوستلارغا ئۆتىدۇ دەستە .
يۇرەك يېپىمۇ ئۇلىنىپ بىللە ،
ئۆچمەس ئىز بولۇپ قالىدۇ ئەستە .

1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



## گۈل تۈۋىدە

ئېپار چاچقاندەك گويا كى شۇ دەم،
گۈلچىمەن باغقا خۇش پۇراق تولغان.
بۇلبۇل سايرىغان شۇ گۈل تۈۋىدە،
ئامراق قىز - يىگىت، شوخ سۆھبەت قۇرغان.

شۇنداق قىپ گۈلۈم بىزنىڭ توي قاچان،
ياشلىق ئۆتەرمۇ چېكىپ پىراقلار.
ئوتلۇق ئىشقىمىز خېلى ئۇزاقتىن،
دىلدا ياندۇردى ئۆچمەس چىراغلار.

«توختاڭ» دېدى قىز باشلاپ سۆزىنى،
يىگىت مەيلىنى قويماي ئۆزىگە.
يىگىتمۇ جىمجىت تىكىلدى كۆزىگە،
كۆنمەي بولمىدى قىزنىڭ سۆزىگە:

«ھازىر ۋاقتىمىز شۇنچىكى جىددىي،
تېرىش ئىشىدا قىلىۋاتامدۇق جەڭ.

مېنىڭچە بولسۇن بىزنىڭ تويىمىز ،
مول ھوسۇللارنى ئېلىش بىلەن تەڭ » .

يىگىتمۇ ئويلىنىپ ، خۇش بولۇپ راسا ،
ئىشچان يارىنى ئالدى قۇچاققا .
لېۋى لېۋىگە تەگكەندە شۇ دەم ،
بۇلبۇل ناۋاسى تولدى گۇلباغقا .

گۇلمۇ قەلبىدىن سىرداش بوپ ئاڭا ،
شوخ ياپراقلىرى شىلدىرلاپ كەتتى .
قىز ۋە يىگىتمۇ ھوسۇلنى كۆزلەپ ،
ئوتلۇق ۋەدىلەر قىلىشىپ كەتتى .

1963 - يىل 9 - ئاي



## ۋەدە

گۈللەر ، باغلارنىڭ پايانداز ىدا ،
قەدىمىم مەزمۇت سىلجىيدۇ تېز - تېز .
كۆزۈم تىكىلەر شۇ دەم گۈلباغقا ،
كۈتۈپ تۇرماقتا ئامرىقىم شوخ قىز .

هاياجان ئىچىدە كەلسەم گۈللۈككە ،
كۈتۈپتۇ يارىم بولۇپ تاقەت تاق .
مەنىلىك كۈلۈپ باقتى كۆزۈمگە ،
ئەيىبىم ئىكەن كېچىككەن شۇ چاغ .

سۆزلەشتۇق ئۇزاق ئولتۇرۇپ باغدا ،
يۈرەكلەر شادلىقتىن سوقتى بەك ئەركىن .
(ياشلىقنىڭ ئېسىل سوۋغىتى بولغان ،
مۇھەببەت ئوتى كۆزلەردە يانغىن ) .

سۆھبىتىمىز توي ، هوسۇل ئۈستىدە ،
ئوتلۇق قارارغا بىردەك كېلىشتۇق .

مۇھەببەت تېگى ئاتقۇزۇپ باغدا،
چولپان بىلەن تەڭ ئىشقا مېڭىشتۇق.

1963 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى



# نەگە كەتتى ئاشۇ ۋەدىلەر

ۋەدە بېرىپ «سۆيدۇم سېنى» دەپ ،
بەرگەندىڭ «يۈرىكىڭ»نى سەن .
«سەنلا يەيسەن مەڭگۈ جېنىم» دەپ ،
يېگۈزگەنتىڭ ئۆرۈكۈڭنى سەن .

نەگە كەتتى ئاشۇ ۋەدىلەر ،
نېچۈن ئەمدى تەڭلەيسەن ياڭاق .
ئېيتقىنا يار جاۋابىڭنى سەن ،
مېنى تاشلاپ قاچىسەن قاياق ؟

1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى



# قۇياش تېخى پاتماستا

جىلۋە قىلىپ شۇ شوخ قىز ،
يۈرىكىمنى ئوينىتتى .
خۇمار قىلىپ ئۆزىگە ،
ئاشىق قەلبىم ئويغاتتى .

شولا چېچىپ ئاي يۈزى ،
يۈرەككە ئوتنى ياقتىغۇ .
ئۈزاق تۇرماي قېشىمدا ،
بىر كۆرۈنۈپ قاچتىغۇ .

گەپ تاشلىغۇم بار ئىدى ،
دېيەلمەستىن قاچۇردۇم .
بىللە بولسام ئۇزاقراق ،
يۈرىكىمنى ئاچۇردۇم .

ئەمدى ئىزدەپ تاپارمەن ،
چارە يوقتۇر تاپماسقا .

تېپسپ سىرىم ئېيتىمەن ،
قۇياش تېخى پاتماستا......

1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



## پەقەت ساڭا......

ئۆتسە قىزلار يېنىمدىن ،
تىكىلەتتىم ھەۋەستە .
كۆز نۇرۇمنى يىغاتتىم ،
قىيالماستىن بەك تەستە .

ئەمدى كەلمەس قارىغۇم ،
بولسىمۇ ھۆر جىنەستە .
پەقەت ساڭا قىپ بەردىم ،
يۈرىكىمنى گۈلدەستە .

1968 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى



## نېمە ئارمان قالدۇ

دىل بېغىمدا بىر غۇنچە ،
چېچەكلىدى يېڭىدىن .
شادلىناتتىم بۇلبۇلۇم ،
ئورۇن ئالسا يېنىدىن .

سۇ بولسام ، ناۋات بولسا ،
قوشۇلساق پىيالىدا .
نېمە ئارمان قالدۇ ،
مۇھەببەت ۋىسالىدا .

1968 - يىل 7 - ئاي



# يەنە كېلەي مۇخبىر بوپ

سۆزلەپ قالسام كۆپرەك ،
گەپچى ئىكەن دېدىڭمۇ ؟
بولغان بىلەن سۆزى كۆپ ،
سۆيگۈسى بار بىلدىڭمۇ ؟

يەرگە قاراپ تۇرمىغىن ،
گۈلدەك يۈزۈڭ ئېچىلسۇن .
ھىدىڭ كەلسۇن بۇرنۇمغا ،
شامال بىلەن چېچىلسۇن .

ئاۋازىڭنى بىر ئاڭلاي ،
دېھقان قىزى قاچمىغىن .
جامالىڭنى بىر كۆرەي ،
لىباسىڭنى ياپمىغىن .

مايسا ئۆزۈڭ ئېتىزدا ،
باغدا ئانار يۈزلىرىڭ .

شوخ بۇلاقتەك كۆزۈڭ بار ،
دىلغا ياقار سۆزلىرىڭ .

ماڭا گۈلزار كۆرۈندۇڭ ،
باغنىڭ ھۆسنى ئەندازىڭ .
غۇنچە چېھەر - چاققانسەن ،
خۇددى بۇركۇت پەرۋازىڭ .

يەنە كېلەي مۇخبىر بوپ ،
بىلىۋالدىم مەلەڭنى .
يېتەرمەنمۇ ۋەسلىڭگە ،
قويۇپ كەتتىم ئىشقىمنى .

1980 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى



# بال ھەرىسىدەك مەنمۇ ھەم

بال ھەرىسى قونار دائىم گۈل تاللاپ ،
پورەك بولۇپ ئېچىلغان گۈل بەرگىگە .
شىرنە ئالار پۇراپ ، سۆيۈپ ، باغ ئېتىپ ،
گۈلنى قويماي شوخلۇقىغا — ئەركىگە .

كىچىككىنە بال ھەرىسىدەك مەنمۇ ھەم ،
قونۇپ تۇرسام يارنىڭ بويى - تېنىدە .
يامغۇر كەبى چېچىلساممەن جىسمىغا ،
چاقماق كەبى چېقىلسام ھەم لېۋىدە .

بولار ئىدى ئارمانىمنىڭ شاد تويى ،
جاراڭلايتتى ۋىسالىمنىڭ شوخ كۈيى .
سېزەر ئىدىم ئەڭ بەختىيار ئۆزۈمنى ،
جاپا راھەت سېزىلەتتى ھەر كۈنى .

1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# مەلەڭگە بارسام

باھانە قىلىپ بىر ئىشنى ،
بارسام بۇگۇن مەلەڭگە .
تاپالمىدىم مەن سىنى ،
كېتىپ قالدىڭ نەلەرگە .

ھەسرەت بىلەن قايتتىممەن ،
رۇخسارىڭنى كۆرەلمەي .
ئۆستەڭ بويى تاللىقتا ،
سىنىڭ بىلەن يۈرەلمەي .

ئاللا يارىم ، گۇل يارىم ،
كەلگىنىمدە بولساڭچۇ ؟
شىرىن سۆزۈڭ ، خۇلقۇڭدا ،
مىنىڭ كۆڭلۈم ئالساڭچۇ ؟

1986 - يىل 4 - ئاي

# ئۆيدە

كىرىپ كەلسەم شۇ قەدىناس ھويلىغا ،
چىقىپ ئانام ئالدى مېنى قوينىغا .
سىلاپ بېشىم ، پۇرىۋالدى تويغۇچە ،
مەنمۇ سالدىم ئوڭ قولۇمنى بوينىغا .

مېھىر يېشى ئېقىپ ئانام مەڭزىدە ،
تارام ھاسىل قىلدى نۇرلۇق كۆزىدىن .
يۈرەكلىرىم كەتتى ئېرىپ شام كەبى ،
ئەھۋال سوراپ ئېيتقان ھەربىر سۆزىدىن .

كۈتتى ئانام ئەڭ ئەتىۋار مېھماندەك ،
داستىخانغا تولدۇرۇپ مول نېمەتنى .
بېرىپ ماڭا ئۈجمە تېرىپ ، گۈل ئۈزۈپ ،
بەخش ئەتتى ماڭا ئالىي ھىممەتنى .

قىلمىغىنى قالمىدى شۇ ئانامنىڭ ،
پەدالىقى بولدى دىلنىڭ ناۋاسى .
قايتۇرساممەن شۇ ئەجرىنى ئانامنىڭ ،
بەخت ئىدى ئاللىسام دۇئاسى .

1987 - يىل 7 - ئاي

# يۈزۈڭ ئاقكىن ۋە لېكىن......

ئاق سىر بىلەن سىرلىغاندەك گوياكى ،
ئۆپا بىلەن ئاقارتىپسەن يۈزۈڭنى .
پىنھان ماراپ قارايسەنكىن كىشىگە ،
خۇمارلاشتۇرۇپ ئاشۇ بۇلاق كۆزۈڭنى .

پەيدا بولدى مەندە غەيرىي ھېسسىيات ،
پەردازدىكى مۆددىئايىڭ ئايان بوپ .
سىرتىڭ گۈزەل ، يۈزۈڭ ئاقكىن ۋەلېكىن ،
كۆڭلۈڭ پەسكەن ، كەتتى كۆڭلۈم تۇمان بوپ .

1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



## يىگىتلىكىم بەستىگە

تاغ باغرىدا تۇرار بىر تۈپ قارىغاي ،
مېنى مەپتۇن ئەيلەر ئۇنىڭ قامىتى .
ھەممە پەسىل ئوخشاش يېشىل ھالىتى ،
يوقتۇر قىشتا كىيىم يۆتكەش ئادىتى .

زوقلاندۇرار ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتى ،
ھۆسن قوشار ئوخشاش ھەربىر پەسىلگە .
كۆڭلۈممۇ ھەم يېشىل تۇرار ئاشۇنداق ،
قامەت قوشۇپ يىگىتلىكىم بەستىگە .

1989 - يىل 10 - ئاي



# شامال كەلسە بېغىڭدىن

هويلا - بېغىڭ بىر جەننەت ،
سەن شۇندىكى پەرىسەن .
ئايلىنىمەن مەلەڭنى ،
سەن نىگارىم قايدىسەن ؟

مەلەڭدىكى چوڭ يولدىن ،
كۈندە نەچچە ئۆتىمەن .
سەن چىقمىساڭ ئۆيۈڭدىن ،
تۈندە كېلىپ كۈتىمەن .

كۆرۈشمىسەم مۇبادا ،
يولدا تۈنەپ قالىمەن .
شامال كەلسە بېغىڭدىن ،
ھىدىڭ پۇراپ ئالىمەن .

بىرەر شەپە ئاڭلانسا ،
قۇلىقىمنى ياقىمەن .

سەن چىقمىساڭ ئالدىمغا ،
ئاستا ئىشىك قاقىمەن .

مەلەڭ ماڭا بوپ قالدى ،
مېنىڭ سەيلە ماكانىم .
سەن پەردىن ئايرىلسام ،
تۇگەر مېنىڭ ھاياتىم .

1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



# ناشتىلىقتا گۈللەردىن «نان» سورايمەن

سەھەر تۇرۇپ يول ئالىمەن باغچىغا ،
گۈل ئارىلاپ ، گۈلنى تالالاپ پۇرايمەن .
كۆن قىزىسا يۇرەك تەپتى ئۆرلەيدۇ ،
ناشتىلىقتا گۈللەردىن «نان» سورايمەن .

ھەسەل ھەرىسى بوپ شىرنە شورايمەن ،
ناشتام بولار شۇ گۈللەرنى سۆيگىنىم .
«كۆڭۈل تويسا ، كارى چاغلىق قورساقنىڭ» ،
شادلىقىم شۇ گۈللەرگە چىن كۆيگىنىم .

ناشتىلىقنى گۈلدىن ئالاي ئەمدى مەن ،
چىللىمىغىن مېنى يارىم ناشتىغا .
ئەسىر قىلدى گۈلنىڭ ئىشقى پىراقى ،
بىلگىن ئەمدى كۆڭلۈم تارتماس باشقىغا .

1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# بىر قىز كېلەر

بىر قىز كېلەر خىلۋەت كوچا ، چوڭ يولدا ،
گويا يىڭنە ئىزدىگەندەك بىر يەردىن .
مۇڭ تۆكۈلەر ئۇنىڭ ئوماق چېھرىدىن ،
دەرد تارتقاندەك بىرەر يىگىت يا ئەردىن .

كۆز ياشلىرى يامغۇر كەبى تۆكۈلەر ،
چۆچۈگەندەك تەشۋىشلىرى ئەلەملىك .
تەۋرىنىدۇ پۇچىلانغان تەنلىرى ،
قەدەم ئېغىر ، چامدالمايدۇ يۈرەكلىك .

— شەھىرىمىزدىن ، — دېدى بىرسى پىچىرلاپ ،
— ئۇچقان ئەسلى ئۇۋۇۋىسىدىن پۇررىدە .
لەۋلىرىگە سۆيسە تەنتەك شامالّلار ،
ناۋات كەبى ئېرىپ كەتكەن شۇررىدە .

رۇخسارىدا ئەگىپ يۈرەر بۇلۇتلار ،
ھەر قەدىمى سوئال بىلەن ئېلىنار .

پىغان ئىچرە يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن ،
باغرى ئۇنىڭ تىنىق بىلەن تىلىنار .

بۇ يوللاردا شامال ئۇخشاش شوخ ئىدى ،
بىر چاغلاردا ئاشۇ ئوماق ، لەۋەن قىز .
چىللاپ تۇرار ئىدى ھەركىم باغرىغا ،
ھەر دوقمۇشتا قالغانىدى سىرلىق ئىز .

تەكلىپ قىلسا بارار ئىدى ئاشۇ قىز ،
رېستورانغا ، خانىلەرگە ، ھەر يەرگە .
شۇ «كۆيگەن» لەر قىلدى خازان گۈلىنى ،
تېگەلمىدى ، سۆيۈلسىمۇ ھېچ ئەرگە .

نەگە مۆكتى ئاشۇ سۆيگۈ تىلسىمى ،
كۆرۈنمەيدۇ سەبىي تەنلەر سىماسى .
نەدە ؟ لەۋەن ئەركىلەتكەن شۇ قوللار ،
كەتتى قايغا «پەرىشتە»لەر ساماسى .

كوچا بويلاپ ئۇزاپ كەتتى ئاشۇ قىز ،
غېرىب ياپراق لەيلىگەندەك شامالدا .
خىيال قۇشى تەمتىرىتىپ يۈرمەكتە ،
يالغۇز قولۋاق لەيلىگەندەك ئارالدا .

1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# خىياللاردەك بولمايدىكەن ھەممە ئىش

غايىب قۇشتەك كۆكتە ئۇچقان خىياللار ،
ئىشتىن چۇشسەم يوقلاپ كېلەر يېنىمغا .
مۇھەببەتنىڭ دەرياسىمۇ ئۇلغىيار ،
شاۋقۇن ئېتىپ دولقۇنلىرى قېنىمغا .

ۋىسال قۇشى پەرۋاز قىلار بېشىمدا ،
خىيالىمدا زاھىر بولار دىلدارىم .
تەبەسسۇمى كۆيدۈرسىمۇ يۈرەكنى ،
يارغا يەتمەس كۆڭلۈمدىكى ئىزھارىم .

شېرىن تۇيغۇ بەرسىمۇ شۇ خىياللار ،
خىياللاردەك بولمايدىكەن ھەممە ئىش .
خىياللارنى دېگۈم كېلەر شۇڭلاشقا ،
كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپ كۆرگەن چۇش .

خىيال قىلاي ، مەيلى كۆرەي شېرىن چۇش ،
كۆرسەتمەسكەن ۋىسالى بار تاڭلارنى .

زۆرۈر ئىكەن ئەمەلدىكى شىجائەت ،
سەھەر قوپۇپ ئۇرۇپ كۆرەي داڭلارنى .

ئىشقا ئاشسا خىيالدىنمۇ بەلەن ئىش ،
كۆرمەمدىمەن پاراغەتتىن ھالاۋەت .
خىيال ئەمەس ئەجرىم بىلەن قوت تېپىپ ،
تىكلەي ئەمدى يىگىتلەردەك ئىناۋەت .

1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



# سىلەر تىللىغان بىلەن تۈننى

كۈنمۇ پاتتى ، توكمۇ قاچتى يېزىدا ،
دېدى بىرسى : يەنە كەلدى شۇ كەچ دەپ .
ئىشىمىزغا بەردى بەرھەم مۇشۇ تۈن ،
تەكرار بولۇر ھەر كۈنى بۇ ، قانداق گەپ ؟ !

تۈنتى خۇيۇم ، كۈلدۈم بىراق ئىچىمدە ،
بىلسەڭ بىكار قاراڭغۇنى قارغىغان .
شۇنداق پۇرسەت كۈتۈشىدۇ قىز - يىگىت ،
شۇنداق تۈندە ۋىسال قۇچۇپ قانىمىغان .

1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



# تاشلاپ كەتتىم خانقىزنى

يار قىپ تۇتتۇم بىر قىزنى ،
بېرىپ قوشماق مېغىزنى .
شېرىن قىلىپ ئېغىزنى ،
ئاتاپ قەلبىم دىڭىزىنى .

ئىچىم كۆيۈپ خۇلقىغا ،
زىرە ئاستىم قۇلىقىغا .
كۆزى چۈشتى ھالقىغا ،
كۆرمەي تۇرۇپ ئېتىزنى .

بەردىم بېھى ، ئالمىنى ،
يېدى سامسا ، مانتىنى .
يېدى لەڭمەن ، ھالۋىنى ،
ئىچىپ سۈت ھەم قىمىزنى .

نىمە دېسە ئېپ بەردىم ،
يوقنى ئىزدەپ تېپ بەردىم ،

ئۆيگە پات - پات گەپ بەردىم ،
كۆزلەپ يارىم سېمىزنى .

مېڭىپ بىر كۈن سوڭدىشىپ ،
قالدۇق ئۇزاق مۇڭدىشىپ .
كەتتى چىراي سولىشىپ ،
چايناپ تۇرۇپ سېغىزنى .

سۆھبەت شېرىن بولمىدى ،
«مال»غا كۆزى تويمىدى .
يېنىك تويغا كۆنمىدى ،
دورايدىكەن ئېگىزنى .

ياندى رايىم يارىمدىن ،
سادا قاچتى تارىمدىن .
ئايرىلماي دەپ بارىمدىن ،
تاشلاپ كەتتىم خانقىزنى .

1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



# قاچان كېلەر «ماقۇل»غا شۇ تىلىڭىز

قانچە قېتىم ئىزھار قىلسام كۆڭلۈمنى ،
«ياق» دېدىڭىز ئايلاندۇرۇپ چاقچاقتا .
بىلمەمسىز ھەي سىڭلىم «ياق»تىن باشقىنى ،
سۆزۈم كۆپتى سىزدەك ياردىن قاچقاقتا .

چىن سۆزۈمنى ئېيتقان سىزگە باشتىلا ،
قاچان كېلەر «ماقۇل»غا شۇ تىلىڭىز .
بەخت - تەلەي بولار ئىدى مەڭگۈگە ،
بولسا مەندەك بىر ياخشىغا مەيلىڭىز .

1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى



## چۆمۈلمىسە شائىر مەجنۇن ھېسلارغا

مەجنۇن كېلەر شائىر دېگەن بەزىدە ،
«تەلۋە ئىلھام» قونۇۋالار قەغەزگە .
بەڭباش بولۇپ كىرىپ كېتەر ھەر تامان ،
خۇيى تۇتسا قونار ھەتتا «پەغەز »گە .

بىراق ، ئىلھام قايدىن كەلسۇن ، تۇغۇلسۇن ،
بار ئۇنىڭكى سۆيگۇ - پىراق گۈلخانى .
شۇ مۇھەببەت بەخش ئەتكەچ ئىلھامنى ،
ئوقچۇپ تۇرار مىسرالارنىڭ ۋولقانى .

ۋۇجۇدلارنى ئەركىلىتىپ شۇ ئىلھام ،
پىغانلاردىن تۇغۇلىدۇ بوغۇملار .
كەچمىشلىرى ئايان بولۇپ دۇنيانىڭ ،
تەسۋىرلىنىدۇ نوتىدىكى بوغۇنلار .

چۆمۈلمىسە شائىر مەجنۇن ھېسلارغا ،
بەڭباش ئىلھام خەندان ئۇرۇپ تۇرارمۇ ؟

چېتىلمىسا رىشتى ئادەم ، ئالەمگە ،
شېئىرىي ئىلھام قەغەزلەرگە قونارمۇ ؟

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى



## نۇقسان بولۇر ياشنى سوراش

ئەيىب ئەمەس ئىدى ئۆتكەن زاماندا ،
قانچە بالا ، يېشىڭ نەچچە دەپ سوراش .
ياشقا بېقىپ تەڭتۇشكەنمىز دېيىشىپ ،
قول بېرىشىپ بولاتتۇق بىز دوست - ئاداش .

بىراق ، بۈگۈن دەۋر يېڭى ، ئىش يېڭى ،
ئەيىب بولۇر ياشنى سوراپ مۇڭدىشىش .
تېنى ساغلام ، يۈرىكى ئوت ، كەيپى ساز ،
بولسا ياخشى ، بەخت ياشنى ئۇنتۇلۇش .

شادلىق بەرسە ئىش - سۆزلىرى ، چاقچىقى ،
ئۇنى دوستۇم ، بۇرادىرىم دېگۈلۈك .
ياش پۇتلاشماس ، قالساڭ ئەگەر چېقىشىپ ،
ئۇنى بېجىرىم يېقىنىم دەپ بىلگۈلۈك .

1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

## دەپتەمەن

سۆيمەن دەپ يېقىنلاشسا ناز بىلەن ،
ئىشىنىپ مەن دەپ قاپتىمەن راستمىكىن .
سۆھبەتلەردە چىمىلداتسا كۆزىنى ،
ئويلاپتىمەن ئاتقانلىرى قاشمىكىن .

ئۆتتۈرسە شۇ تەرزدە ئاي - كۈنلەر ،
چىن ئاشىقىم ماڭا ئامراق دەپتىمەن .
ئانچە - مۇنچە تولۇپ قويسا ئىسمىمنى ،
ماڭا كۆيگەن ئىشقى پىراق دەپتىمەن .

كۆرۈشكۈچە تاقەت قالماي بەزىدە ،
يار قېشىغا ئۇچۇپ باراي دەپتىمەن .
ئىشەندۈرۈپ چىن سۆزۈمگە بۇگۈنلا ،
پىچاق ئېلىپ يۈرەك ياراي دەپتىمەن .

ئارمانلىرىم ياماشقاندا ۋەسلىگە ،
يار كۆڭلىدە بىرلا مەنغۇ دەپتىمەن .

خىياللىرىم مىنگىشىپ شوخ ھىسلارغا ،
سۆيۈشسەك بىز لەۋلەر قەنتقۇ دەپتىمەن .

بىراق بىلدىم ، مەندەك «يارى» كۆپ ئىكەن ،
بىللە يۈرسە ئاكىسىدۇ دەپتىمەن .
ئۆز يولىغا ماڭسۇن ئەمدى ئاشۇ قىز ،
بىلمەي تۇرۇپ ئۇشۇق ۋايىم يەپتىمەن……

2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



## شائىر دېگەن......

زوقۇم تېشىپ شېئىر يازسام يار ئۈچۈن ،
قەلىمىمدىن تۆكۈلىدۇ مۇھەببەت .
ھەرپ ، بوغۇم ، قاپىيەلەر جور ئاڭا ،
دولقۇنلىنار ھېسلار بولۇپ بىتاقەت .

يۈسۈپ ، پەرھات ، غېرىب ، تاھىر تىلىدىن ،
كۆي تۆكىدۇ شېرىن ، سەنەم ، زۆھرەگە .
ۋىسال ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ شېئىرىمنىڭ ،
ھەر قۇرلىرى تۆرنى بېرەر ھۆرلەرگە .

بەزى دوستلار مۇنداق دېدى ئەيىبلەپ :
مۇھەببەتلا ئەسىر ئاپتۇ شېئىرىڭنى .
ھەر مىسراغا ئىشق گۈلى تىزىپسەن ،
چېتىۋاپتۇ مۇھەببەتلا مېھرىڭنى .

باشقا گەپلەر كەلمەمدىكەن تىلىڭغا ،
ياكى ئۆزۈڭ ئىشقىۋازمۇ ئەزەلدىن .

ھەر شېئىرىڭدا «كۆيدۇم» ، «سۆيدۇم» دەپ يۇرمەي ،
ئېيتقىن يارقىن يېڭى نەزمە - غەزەلدىن .

مەن دېدىمكى : بىلمەيسەنكەن شائىرنى ،
قەلبى ئۇنىڭ بىر دەرياغا ئوخشايدۇ .
بارچە گۈزەل كارتىنا ۋە ھېسسىيات ،
ۋۇجۇدىدىن تىلسىماتتەك ئوقچۇيدۇ .

شېئىرىدا گۈل - غۇنچە ، جانان ، يىگىت بار ،
مۇھەببەتسىز ھېسلار ئۇندىن ئۈيلار .
تەمى ياكى پەيزى بولماس ، سۆز بەلەن
تىزىلسىمۇ ، لېكىن قۇرۇق تۈيۈلار .

شائىر كۆڭلى قېرىمامدۇ دېمىگىن ،
مۇھەببەت بار ھايات دائىم تۇرار ياش .
شۇ ھاياتتىن پۈتۈلىدۇ ھەر مىسرا ،
ھەر قۇرلىرى شۇڭا تەپچىپ تۇرار شاش .

شائىر شۇنداق مۇھەببەتتىن ئايرىلماس ،
لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاق ۋە ساپ كېلەر .
ھەربىر شېئىرى لاتاپەتلىك قىز - يىگىت —
يارەنلەرنىڭ دىل بېغىنى شاد ئېتەر .

ئۆزىنىلا يازماس ھەرگىز شائىرلار ،
مىسراسىدا گۈزەل ھايات تەسۋىرى .
ھاياجاندا ، زوق ئارامدا ئوقۇرمەن ،
ئوتلىغاندەك بولار زەمزەم كەۋسىرى .

شائىرىڭغا قىلىۋەرمە شۇڭا دوق ،
خەندان ئۇرۇپ تۇرسۇن دائىم ئەشئارى .
جان ھۇزۇرى ، ئارامگاھى بوپ شېئىرى ،
كەم بولمىسۇن مەڭگۇ ئۇنىڭ خۇشتارى .

2005 - يىل 2 - ئاي



## خىيالىمنىڭ ئېكرانىدا شۇ سۈرەت

بېسىلىپتۇ بىر ژۇرنالنىڭ بېتىگە ،
ئەجەب ئوماق بىر گۈزەل قىز سۈرىتى .
زوق قوزغىدى جىلۋە قىلغان رۇخسارى ،
ماگنىتتەك تارتىپ لەۋەن سۈلكىتى .

نامىشەرىپى يېزىلماپتۇ ، ۋەلېكىن ،
خىيالىمنىڭ ئېكرانىدا شۇ سۈرەت .
شامال بولۇپ يەلپۈۋەردى ئىشقىمنى ،
گۈلخانلاردەك كۆيدى ئەجەب بۇ يۈرەك .

سۆيۈنچەم بار دەپ بەرسە كىم ئادرېسىنى ،
تېخى ياخشى يانفونىنى دەپ بەرسە .
ۋىسال تاپسام گويا شېرىن چۈش ئوخشاش ،
تۈندە چىققان شاماللاردىن گەپ بەرسە .

2008 - يىل 3 - ئاي

## سۆيگۈمىز شۇندا بولىدۇ گۈزەل

تۇۋلىما مېنى سايىگە جېنىم ،
بىر كۈن بولسىمۇ يالاڭ ئاياغ يۈرەي .
تەنلىرىم پىشسۇن ئاپتاپتا مېنىڭ ،
ئۆزۈمنى ئىسسىق تومۇزغا بۆلەي .

ھەرىكەتكە كەلسۇن قول ، پۇت ، تەنلىرىم ،
ئاپتاپتا كۆيۈپ بۇغدايلار ئوراي .
(بولالامدىكىن ناخشامغا تەڭكەش ،
مېنى كۆيدۈرگەن ياردىن بىر سوراي ) .

سايىگە بۇگۈن بارغۇم يوق جېنىم ،
پېلەكلەر تاراي ، چۆنەكلەر چېپىپ .
مەيلىڭ بولسا كەل يېنىمغا مېنىڭ ،
تۇۋلاي ئىشقىڭنى ناخشامغا قېتىپ .

ئوتلاقتا يۈرەي قامچامنى سوقۇپ ،
پادىچى بولۇپ ماللارنى باقاي .

ياقىلاپ بېرىپ ئېتىزلارغا سۇ ،
شۇ سۇلار بىلەن ئۆستەڭدە ئاقاي .

شاللار كۆچۈرەي پاتقاقلار كېچىپ ،
لاي - لاي ئېتىپ كۆپ ، خامانمۇ ئالاي .
كۆيسۇن - قارايسۇن بەدەنلىرىم تەل ،
تۇپراق - زېمىنغا مەيدەمنى ياقاي .

ئاپتاپقا ئەمدى بارمىغىن دېمە ،
بۇمۇ ئىشقىڭدا كۆيگەندىن ئەۋزەل .
تۇرمۇشقا شۇنداق پىشقاندا ئادەم ،
سۆيگۈمىز شۇندا بولىدۇ گۈزەل .

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



# خىجىل بولار كۆلۈشكە

كىرىپ كەلسە بىر سورۇنغا ئىنژېنېر ،
ھېچكىم ئاڭا مىدىرلاپمۇ قويمىدى .
بىر ھۆددىگەر كىرىپ كەلسە شۇ يەرگە ،
تىك تۇرمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى .

توۋا دېدىم ، ئاشۇ پۇلدار ئالدىدا ،
كۆرۈلمىدى ئىنژېنېر بىر مىسقالچە .
شۇ ھۆددىگەر چىقىپ تۆرنىڭ بېشىغا ،
بولدى سورۇن ئۇچۇن يېڭى گۈل - غۇنچە .

چىقارمىدىم يەكۈن تېخى پىكرىمدىن ،
ئوقۇرمەنلەر ماھىر ئۇنى يېشىشكە .
بىر سورۇندا قوشلاپ قەدەھ ئالغانلار ،
خىجىل بولار ئەل ئالدىدا كۈلۈشكە .

1989 - يىل 2 - ئاي

## سەن سورىما

ئاق ياماشقان چېچىمنى ،
قارا قىلدىم بوياقتا .
ئايمۇ ئۆتمەي ئارىدىن ،
قالدىم ئەجەب ئويانتقا .

سۆسۈن ، قارا ، ئاق رەڭگە ،
ئۆزگەردى چاچ ، ۋاي توۋا .
تىرىك تۇرۇپ مىڭ ئۆلدۈم ،
بولدى بەس ، سەن سورىما .

سۈنئىي نەرسە بەرىبىر ،
قويار ئىكەن ئويانتقا .
خاس تەبىئىي گۈزەللىك ،
زىننەت ئىكەن هاياتقا .

1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# بىرەلەمسەن بۇگۇن جاۋاب سوراقتا

بىللە ئۆسۈپ ، بىللە بولۇپ ساۋاقتا ،
چوڭ مەكتەپتىن چىقتۇق بىللە خىزمەتكە .
ياخشى ئىشلەپ ئېرىشتۇق شان ، ئىززەتكە ،
كەلدى ئامەت ، سەن ئېرىشتىڭ مەنسەپكە .

ھوقۇق بىلەن ئۆرلەپ تەخت - راۋاقتا ،
نامىشەرىپىڭ تولدى داستان - ۋاراقتا .
كۈن ، ئاي ئۆتتى سەن يىراقلاپ دوستلاردىن ،
قالدىڭ ئۇيات ، نى كۈلكىلىك مازاقتا .

تارتىپ كەتتى «پارا» ئاتلىق ئالۋاستى ،
كولدۇرلاتتى سېنى سېلىپ قاپاقتا .
مايلاپ قويۇپ ئانچە - مۇنچە گېلىڭنى ،
كېتىشۇەردىڭ تارتسا سېنى قاياقتا .

ئاخىر بېرىپ پاتتىڭ چوڭقۇر پاتقاقتا ،
چۈشۈپ قالدىڭ «ئوۋچى» قويغان قاپقانغا .

بىرەلەمسەن بۈگۈن جاۋاب سوراققا؟
مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىڭنى ساتقانغا.

1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى



# چىرايلىق بولماق شۇنچىلىك تەسمۇ

سەت ئىكەن دېدى بەزىلەر ئۇنى ،
چىرايلىق بولماق شۇنچىلىك تەسمۇ ؟
ئېلىپ رەڭ - بوياق بازاردىن ئازراق ،
چىرايلىق بولۇر بويىسا تاشمۇ .

ئادەممۇ ئالتۇن لىباسنى كىيسە ،
شىپايى ئەنبەر ، ئەتىرنى سەپسە ؛
هاي - هاي كۆرۈڭلار بولۇر چىرايلىق ،
كۆزى ، يۈزىگە ئۇپىنى سۇرسە .

چىرايلىق بولماق شۇنچىلىك ئاسان ،
پۇل بىلەن چاقنار كىشى جۇلاسى .
بىراق ، ئەقلىنى سېتىپ ئالالماس ،
بولسىمۇ ئۇنىڭ ئالتۇن - تىللاسى .

1991 - يىل 4 - ئاي

# ئادەم قولۇپى

بوزۇلۇپ قالسا ئىشىك قولۇپى ،
قولۇپساز ئوڭشاپ ، ئاچىدۇ ئاخىر .
بىراق ئېچىلماس ئادەم قولۇپى ،
«ئاچقۇچ» سېلىشقا بولمىساڭ ماھىر .

ئادەم قولۇپى سېھىر — «تېپىشماق» ،
خېلىلا قىيىن ئۇنى تاپمىقىڭ .
«كۆڭۈل ئاچقۇچى» سالالىساڭ گەر ،
«ئەسىر» ئالىسەن ، ئاسان ئاچمىقىڭ .

1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى



# چالماس ئەمدى چاۋاكمۇ

تەر - ئەجرىڭدىن پۈتتى شانۇتۇھپىلەر ،
ئېرىشتىڭسەن شۆنچە ئىللىق ماختاشقا .
بىراق ئاينىپ ، ئېزىپ كەتتىڭ يولۇڭدىن ،
كۆنۈپ قېلىپ تەييارنى يەپ ياشاشقا .

دوستلار دېدى : ئۇچۇشنى ھېچ بىلمىدى ،
چوڭلار ئاڭلاپ باشنى چايقاپ كېتىشتى .
كىچىكلەردە ھۆرمەت - ئىكرام قالمىدى ،
تەڭتۇشلىرى ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشتى .

ھەممە كىشى ھەي…… ! دېيىشىپ قول شىلتىدى ،
ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىڭ ئەجەبمۇ .
يۇرت - جامائەت قارىمايدۇ يۈزۈڭگە ،
شەنىڭ ئۈچۈن چالماس ئەمدى چاۋاكمۇ !

1994 - يىل 9 - ئاي

# سوئال قويماي مەن نېچۈك

ئەينى چاغدا نۇرئېلى ،
ئاكا دەيتتى ھۆرمەتتە .
ئۈستى شانى ، ئەمىلى ،
شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە .

مانا ئەمدى توۋلىسا ،
مېنى «سامساق ھەي» دەيدۇ .
گېزى كەلسە بۇيرۇپ ھەم ،
«ئەكەلگىنسەن مەي» دەيدۇ .

توۋا ، ئەمەل چوڭ بولسا ،
كۆرۈنەمدۇ چوڭ كىچىك !
چۆرگىلەپتۇ بۇ پەلەك ،
سوئال قويماي مەن نېچۈك !

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

# يۈرسەك خوپمۇ

باغرىم مېنىڭ يۇمشاق ئىدى پاختىدەك ،
ئەڭ سەممىي بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمتىم .
ۋاپاسىزلىق ، ساختىپەزلىك يات ئىدى ،
خىزمىتىگە تۇۋلىسا كىم ، ھە ! دەيتتىم .

باشقىلارغا شۇنچە ئەدەپ كۆرسەتسەم ،
ياۋاشكىن دەپ بولدى باشقا مىنمەكچى .
مېھىر - شەپقەت تۆكسەم ، دېدى : خۇشامەت ،
بولدى يامان ئىللەتلەرگە كۆممەكچى .

«ئاغزى يۇمشاق ، باغرى قاتتىق »لىق كېسەل ،
يۇقۇپ قالدى تۇز كۆڭلۈمگە ياندىشىپ .
مانا ئەمدى «جاھانسازلىق» قىلىشىپ ،
يۈرسەك خوپمۇ بىر - بىرىمىزنى ئالدىشىپ .

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# ئەرزان كۆلكە

خەندان ئۆرۈپ دائىم كۈلۈپ تۇرسەن ،
ۋە بەزىدە قاقاقلايسەن ئۆزۈڭچە .
ياغلىمىغان چاقتەك چىقار ئاۋازىڭ ،
كۈلكىلەردە بولالمايسەن قىزىڭچە .

كەلسە ئەگەر بىرەر كىشى يېنىڭغا ،
دەريا بولۇر كۈلكىلىرىڭ دولقۇنى .
مەيلى قايغۇ ، شادلىق بولسۇن بەربىر ،
ئۆلىنىدۇ كۈلكىلەرنىڭ نۇرغۇنى .

نېمىدېگەن ئەرزان كۆلكە ، تەمسىز !
بەك بىھۇدە چۇقان - سۈرەن نەھاجەت .
كۆزلىرىڭدە تۇرسا مۇڭلۇق هاياجان ،
نېمە پايدا كۈلكەڭدىكى رىۋايەت .

1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# یارقسن تیملار

# باھار نەزمىسى

باھار بىلەن كەتتى قايناپ يۇرت ئىچى ،
جۇلالىنىپ يېڭى دەۋر شەۋقىدە .
ھەر يۈرەكتە مول ھوسۇلنىڭ ئىستىكى ،
چۈشتى مەردلەر جەڭگە زەپەر زەۋقىدە .

ياسانغاندەك تويغا ئېتىز - مەھەللە ،
يارىشىپتۇ كىيگەن ئەتلەس لىباسى .
ياڭراپ تۇرار ناخشا ، ناۋا ، نەغمىلەر ،
شۇنچە جۇشقۇن يېزىمىزنىڭ دالاسى .

ئاقتى سۇلار ئۆستەڭلەردە لىق تولۇپ ،
دىلبىرىدەك سۆيۈپ ئېتىز يۈزىنى .
كۆكلەپ كەتتى سولغۇن گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ،
ئاچتى ئەنە دەشت - باياۋان كۆزىنى .

غازاڭ تاشلاپ سولغان كۆچەت ھەم تاللار ،
قايتا كۆكلەپ ئاچتى زىبا كۆركىنى .

تۇزىدى رەڭلەر گۈل - گىياھلار ، جانلىقلار ،
رۇخسارىدا ئويىنىتىپ شاد كۈلكىنى .

كۆك قەرىدە قىلدى پەرۋاز شوخ لەگلەك ،
پەستە چۇقان سالدى ئوماق باللار .
شادلىقىدا بوۋاقلارنى قىپ ئەرمەك ،
قۇچتى سۆيگۈ بەختى قوۋناق ئانىلار .

قارلىغاچ ، پاختەك ، سۇڭگۈچ تىزدى ئۈۋىنى ،
ماكان ئەتتى بۇلبۇل باغۇچىمەننى .
كېپىنەكلەر نىكەم ئويناپ يۈرگىلى ،
ئىشتا كۆرگىن بال ھەرىسى — چېچەننى .

سۇرەن سالدى قامچا سوقۇپ ئوتلاقتا ،
تۆل ئاۋۇتقان مالچى شۇنچە شادلىنىپ .
شوخلۇق قىلىپ سەكرەر مالالار ھەرياقتا ،
ئانىسىنى ئېمەر قوزا...... شاشلىنىپ .

دىلنى مەپتۇن قىلدى باھار جىلۋىسى ،
ئوقچۇر شادلىق ۋىسالىدا ھەر يۈرەك .
ھەر دىل كەيپى خۇددى گۈلنىڭ غۇنچىسى ،
كۆچكە ئىلھام قوشتى يېڭى زوق - تىلەك .

خەندە قىلدى پۈتۈن يېزا - داللار ،
ئېتىزلىرى توي كۈندەك جانلىنىپ .
ئىشتا چېۋەر دېھقان ئاتا - بالىسى ،
كەتتى پەرھات ، «يۇگۈك»لارغا ئايلىنىپ .

پورۇقلايدۇ گۈزەل باھار كۆنلىرى ،
بېرىپ لەززەت ، چېلىپ زەپەر سازىنى .
قىز - يىگىتنىڭ ياڭراپ يارقىن ئۈنلىرى ،
چاڭ كەلتۈردى پۈتۈن باھار - يازىنى .

قۇچتۇم چوڭقۇر ئۇندىن ئىلھام چەشمىسىپ ،
قەلىمىدىن خۇشال نەزمە ئۇرغۇتۇپ .
سۆيدى باھار گۈللىرىنى تەشنا لەۋ ،
ئەركىلەتكەچ قۇچىقىدا ئويىنىتىپ .

1980 - يىل 5 - ئاي



# يېڭى يىلغا

شاراب راسلاپ سېنى كۈتتۈم يېڭى يىلىم ،
سورۇن تۈزۈپ بۈگۈن ئاخشام ھارپاڭدا بىز .
نۇرغا كۆمدۈق شەھەر ، كوچا ، رەستىلەرنى ،
ئۇتتۇقلارنى كۆرەك قىلىپ گۈلخاندا بىز .

دولقۇنلىدى مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ،
يېڭى يىلنىڭ قىزىغا گۈل تۇتقاندا بىز .
ئالقىشلىدى چاۋاك چېلىپ ئەل ـ جامائەت ،
شان ـ زەپەرنى قوشاقلارغا قاتقاندا بىز .

كونا يىلنى ئۇزىتىپ بىز ئەنە شۇنداق ،
يېڭى يىلنى كۈتتۇق شادلىق ئىلكىدە بىز .
ھىممىتىڭنى ئايىمىغىن يېڭى يىلىم ،
ئۆتكۈزەيلى سېنى زەپەر ، كۈلكىدە بىز .

1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# ئىشەن دوستۇم ، دېھقىنىم

قۇتلۇق كۈنلەر جانغا ھۇزۇر بوپ كەلدى ،
چېلىپ كەلدۇق سازىمىزنى ياڭرىتىپ .
قايغۇلاردىن يىراق تۇردۇق خېلىلا ،
كۆڭۈللەرنى شاھلار كەبى يايرىتىپ .

يىراق ، بەش قول تەڭ ئەمەسكەن ھاياتتا ،
«توققۇزى تەل» بولمايدىكەن ئادەمنىڭ .
نۇر چۈشمىگەن بۇرجەكلەرمۇ بولغاندەك ،
قىيامەتلىك كۈنلىرى بار ئالەمنىڭ .

شۇڭا دەيمەن ، بەگدەك ياشاپ بەزىلەر ،
مۇشكۈللەرنى بىزگە قويدى دېمىگىن .
ئامەت قۇشى قونار بىر كۈن ساڭىمۇ ،
بەك ئارتۇقچە قايغۇ - پىغان چەكمىگىن .

بۇگۈن كۆزۈڭ تولغان بولسا قان - ياشقا ،
ئەتە بولار چىرايىڭدا تەبەسسۇم .

كۆچەتلىرىڭ ئاينىپ كېتەر بوي تارتىپ ،
باھار پۇراپ تۇرار شۇنداق ھەر مەۋسۇم .

ئىشەن دوستۇم ، مانا ئەتە ، يا ئۆگۈن ،
تۈگۈنلەرمۇ كېتەر ئاخىر يېشىلىپ .
ھەق - ئادالەت نۇرى پارلار قۇياشتەك ،
تۇرۇۋەرمەس بوينۇڭ يەنە قىسىلىپ .

ئىشەن ئەمدى ئۆرۈكۈڭنى كەس دېمەس ،
زورلاپ ھەرگىز بادام ، ياڭاق قويدۇرماس .
پىشماستىنلا بۇغدىيىڭنى ئوردۇرۇپ ،
قوناق تېرى دەپ بېشىڭنى قايدۇرماس .

جەرىمانە ، ئالۋان دېگەن تۈگەيدۇ ،
باشقىلارمۇ ۋارقىرىيالماس «بەگ»لەردەك .
قوي ، كالىلار سەمرەر ئېغىل - قوتاندا ،
ماڭالايسەن گۈس - گۈس دەسسەپ ئەرلەردەك .

مەن «چاكار» دەپ قورساق سېلىپ يۈرگەنلەر ،
باقار ئاخىر «خوجايىن»لار رايىغا .
ھەممە ئىشلار بولۇپ ئىلمىي ، ئىنچىكە ،
مېۋە ، ھوسۇل پىشار يېتىپ ۋايىغا .

ئەمەلىيلىشىپ ياخشى سۆزى مەركەزنىڭ ،
تېلېۋىزور ۋە گېزىتتىلا قالمايدۇ .
بىلەلمەيدۇ ئاستانە دەپ بەزىلەر ،
باشقىچە يول تۇتۇپ تەتۈر ماڭمايدۇ .

«قويمىچى» بوپ تومىلىيالماس يانچۇقنى ،
جىپ - پىكاپلار چاپماس سەيلە - ئويۇنغا .
ھەركىم يەيدۇ ئەجرى بىلەن رىزقىنى ،
مىنەلمەيدۇ بوزەك ئىتىپ بويۇنغا .

شۇ ئەتىگە ئىشەن دوستۇم ، دېھقىنىم ،
پىغان چەكمەس نوتا - ياپراق ، چېچەكلەر .
ياشىرىدۇ ، ھاردۇق چىقىپ بۆلەكچە ،
قۇملۇقلاردەك چاڭقاپ كەتكەن يۈرەكلەر .

ئىشەنگەچكە شۇنداق كۈنگە شائىرىڭ ،
يېزىپ چىقتى ئىشقى بىلەن بىر قوشاق .
كۆتۈۋالار ئارزۇ - ئىقبال قىزلىرى ،
ئېچىپ گۈلدەك ياخشى كۈنلەر كەڭ قۇچاق .

2008 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ، ئۈرۈمچى



# ئېتىقادىم بار مېنىڭ

ياشاپ كەلدۆق سەھرا ، شەھەر ، بىر يۇرتتا ،
سىغىشىپ ھەم ۋە بەزىدە سىغىشماي .
بەزىلەر ماي تارتىپ يۇرەر كەچكىچە ،
بەزىلەر مۇڭداشقاق ، يۇرەر قىينىشماي .

ھېچ پەرۋايىم يوقتۇر مېنىڭ ھەممىگە ،
مەيلى ياقاي ياكى ياقماي بىراۋغا .
يول ، ئەقىدەم ، ئېتىقادىم بار مېنىڭ ،
چاپمايمەن ھېچ ياتلار دېگەن تىر - ھوغا .

غاجاپ «سۆڭەك» ، مەيلى شىلسۇن «گۆشۇم»نى ،
ئالدىمدا شاد ئويناتسۇن شوخ قېشىنى .
سۆزنى لىللا ، ئىشنى ئادىل قىلدىممەن ،
غۇچۇرلاتسۇن مەيلى ئۇلار چىشىنى .

«ياغاچ ھەيكەل» «گېنېرال»لارغا ئۇچرىسام ،
ئېگىلمىدىم خۇشامەتلىك ھىجىيىپ .

«يەمچۈك» بىلەن «قارماق» سالسا بەزىلەر ،
قالمىدىمەن بېلىق بولۇپ ئىلىنىپ .

ئىتتەرمىدىم مۈشكۈللەرنى ، نەس ئىشنى ،
بوزەك قىلىپ مىسكىن يىگىت ، چاللارنى .
هوشيار بولدۇم كەمەك هەييار ، شەيتاندىن ،
قىپ كەتمىدىم پىسەنت مۈشتى چوڭلارنى .

تارتسا مېنى «توك» ئۆتكۈزۈپ ناز بىلەن ،
سىماب بولۇپ جىسمىم ئېرىپ كەتمىدىم .
«ئىشىك ئاچسا» ئۆيگە چىللاپ بەزىلەر ،
بېشىم ئۇشلاپ ئەسلا كىرىپ كەتمىدىم .

مەيلى جۇدۇن ، بوران چىقسۇن ئالەمدە ،
ئۆز يولۇمدا ئىلگىرىلىدىم نىشانغا .
چەكتىن ئېشىپ ، يولدىن چىقىش خاس ئەمەس ،
مەندەك هالال ئۆتكەن هەربىر ئىنسانغا .

1998 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



# قىزىپ كەتتى بۇ يىل ئورام

قىزىپ كەتتى بۇ يىل ئورام ، ھەر كىشى سولدا ئۆزەر ،
مول ھوسۇلغا ئىشقى ئارتىپ ، ئۆزىنى جۇشقۇن سېزەر .
دىلنى تارتىپ ناخشا ياڭرار ، شوخ سادا كۆكنى كېزەر ،
ھەممە ياقتا قايناق چېلىش ئورمىدىن قالايمۇمەن ؟

كەڭرى ئېتىز گويا دېڭىز ، ھەر كىشى يەلكەن دېمەك ،
ئايدىڭ كېچە ، شامۇسەھەر ، چارچىماس گاڭدەك بىلەك .
قايسى ئەمگەك ، پەيزى قايناق يېزىدا بۇندىن بۆلەك ،
شۇ ئورمىدا سولدا ئۆزۈپ ، ئوھ - ۋاھ دەپ ھارايمۇمەن ؟

ھۆزۈر بېرەر ھەر يۇرەككە كۆك يېرىپ ئۇچقان شامال ،
پەنجىلەنگەن ئەنجىلەردىن مول ھوسۇل ئاچقان جامال .
بولدى ھەيران ، كۇلدى خەندان ، قېرىلار سىلاپ ساقال ،
بەرىكتى چەكسىز خاماندىن شادلىنىپ يايرايمۇمەن ؟

قىزىپ كەتتى بۇ يىل ئورام ، ھەر كىشى بوپ چاققان-چېۋەر ،
جۇرئىتى ، غەيرەت - مادارى كىشىگە زوق ، ئىلھام بېرەر .
تەر - ئەجرىدىن كەلگەي بەخت لەززىتى شېرىن - شېكەر ،
شۇ بەختنى تاپسا كىم ، «ئاپىرىن» دېگەيمۇمەن ؟

1976 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# چەت ئەللىك ساياھەتچىگە

سەيلە قىلدىڭ كېلىپ بىزنىڭ يۇرتلارغا ،
كۈتتۇق سېنى مېھمان قىلىپ باغلاردا .
نازۇنېمەت داستىخاندا بولدى مول ،
دوستلۇق نۇرى پارلىدى شاد دىللاردا .

چۈشەنمىدىم ، ئاپپاراتىڭنى نېمىشقا ،
توغرىلايسەن ئەسكى چاپان ، كېسەككە ؟
تۇرسا ئېسىل كۆرۈنۈشلەر ، نە ئۈچۈن
ئاغدۇرىسەن نەزىرىڭنى بۆلەككە ؟

1986 - يىل 9 - ئاي



## باھارغا

شادلىق ھېسى تولدۇرۇپ ھەر كۆڭۈلگە ،
سايرار باغدا بۇلبۇل ، كاككۇك يېقىملىق .
ھەر سايرىشى جانغا راھەت بېغىشلاپ ،
ئىلھام قىزى قىلار شۇنچە يېقىنلىق .

ھۆر ۋەتەننىڭ گۈل دىيارى - قۇچىقى ،
جىلۋە قىلىپ كۈلگەن باھار پەيزىدە .
قىزىپ كەتكەن قىز - يىگىتلەر سۆيگۈسى ،
ئېتىز - باغدا ، تال تۈۋىدە بەزمىدە .

بىر بېھىشلىق باغۇھەرەم بۇ باھار ،
چېچىپ تۇرار خۇش ھىدىنى ئەترىسى .
ئىش قىزىتار باغدا چېچەك ھەرىسى ،
قېتىلسۇن دەپ ھالال ئەجرىم مېۋىسى .

بەرنا قىزلار باغ ئارىلاپ ، گۈل تاللاپ ،
دەستە تۈزەر ئەجەب كۆركەم چىرايلىق .

گۈلدىن ئېسىل كۆرۈنىدۇ شۇ قىزلار ،
رۇخسارىدىن شۇنچە ھەيران خالايىق .

گۈل ئېلىشنى ئويلاپ شۇلار قولىدىن ،
يىگىت تاللار لەۋەن قىزدىن بىرىنى .
قىممەت بىلىپ ھەر نەپەسنى شۇ مىنۇت ،
ئايان قىلار يىگىت يۈرەك سۆزىنى .

ئامراق بولۇپ قىز - ئوغۇللار باھارغا ،
كەتمىسىكەن بۇ دىياردىن دېيىشەر .
قەنتتىن لەزىز ، جاندىن ئەزىز بەختتىن ،
ھۇزۇر ئېلىپ ، كۈلۈپ ئويناپ يۈرۈشەر .

1985 - يىل



# كاتتا تويىنىڭ ئاخىرى

تويى بولدى قىز - يىگىتنىڭ بەك كاتتا ،
«يۈز ئاچقۇسى» ، «چىللاق»لىرى بولۇپ كەڭ .
بېرىش - كېلىش ئۆزۈلمىدى بەك قىزغىن ،
ئىككى تەرەپ شادلىقلارغا تولدى تەڭ .

يېرىم يىلمۇ ئۆتمەي تېخى ئارىدىن ،
قىز - يىگىتنىڭ ماجىرالىرى باشلاندى .
يۈگىمەچتەك يۆگىشىپلا يۈرگەنلەر ،
نە بولدىكىن ، جۇپ كۆزلىرى ياشلاندى .

بىلسەك ئاددىي ئىشتىن كەپتۇ بۇ ماجىرا ،
(قىز مائاشىنى ئەكەلمەپتۇ بۇ ئۆيگە ) .
يىگىتنىڭمۇ تۇگىمەپتۇ ھېچ قەرزى ،
كىرمىگەندەك بوپتۇ گويا سۇ كۆلگە .

خاپا بوپتۇ قىزمۇ ئاندىن كۆپ قېتىم ،
ئېيپ بەرمىدى ماڭا ھېچبىر كىيىم ، دەپ .

يامانلاپتۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ،
ئاتىمايمەن دەپتۇ ھەتتا «ئىرىم» دەپ .

ئوغۇل دەپتۇ : «قەرزمۇ تۇگەر كۆپ ئۆتمەي ،
چىداش بەرگىن جىنىم جورام ، ئامرىقىم .
ئىشلەتمىگەن بولسام تويدا نۇرغۇن پۇل ،
قولغا تولۇق تېگەر ئىدى ئايلىقىم .

تېجەشلىكرەك تۇتقان بولساڭ بۇ ئۆينى ،
جاننى پىدا قىلماسمىدىم يولۇڭغا .
ئۇلاشتۇرۇپ ئۇزۇننى قىسقىغا ،
گۈلنى قوشساڭ بولماسمىدى گۈلۈڭگە» .

قىزمۇ دەپتۇ : «نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش ؟
ئېشەك ئالسا بىللە ئالار توقۇمنى .
ئۇنى - بۇنى ئېلىپ بەرمەي ھەمىشە ،
ئۆيدە قانداق تۇرغۇزسەن خوتۇننى ؟

مەيلىڭ بولسا پۇلنى خەجلە ، خوتۇن قىل ،
چىدىمىساڭ بەرگىن مېنىڭ خېتىمنى .
سەندىن ياخشى ئەرمۇ تېپىۋالارمەن ،
ئىشلەتسەممەن ھەر قەدەمدە دىتىمنى» .

تۇگىمەپتۇ قىزنىڭ شۇنداق كايىشى ،
كار قىلماپتۇ ئەرنىڭ ھەربىر نالىشى .
تۇرمۇشىدا نەدە لەززەت زەررىچە ،
ئۆزگەرمەپتۇ قىزنىڭ ئاشۇ خاھىشى .

پاره بولۇپ ئاخىر سەۋر قاچىسى ،
ئاجرىشىپتۇ ئەر ۋە خوتۇن ئىككىسى .
زىبۇزىننەت ، پۇل - پۇچەكنىڭ دەردىدە ،
نابۇت بوپتۇ مۇھەببەتنىڭ غۇنچىسى .

بۇ ساۋاقنى تۇتسا ھەركىم ئېسىدە ،
ھەسرەت چېكىپ داغدا قالماس يۇرىكى .
ۋىسال قۇچۇپ چىن مۇھەببەت ۋاپادىن ،
شاد - خۇشاللىق ئېلىپ كېلەر تىلىكى .

1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



# كۆز

ئادەت بولۇپ كەلدى شائىر تىلىغا ،
گۈل. باھارنى ماختاش گۈزەل سۆز بىلەن .
لېكىن ، رۇسۇل شۇ باھارنى - چېچەكنى ،
تېگىشمەيتۇ ھەرگىز ئالتۇن كۈز بىلەن .

كۈز كېلىدۇ داستىخىنىنى كەڭ يېيىپ ،
شېرىن - شېكەر نېمەتلەرنى مول تۆكۈپ .
كۈتەر كاتتا ساھىبخان بوپ ھەممىنى ،
شۇنچە ئىللىق چىراي بىلەن شاد كۈلۈپ .

ئېلىپ كېلەر ھەر مەلىگە ، يېزىغا ،
ھەر كۆنلۈكى قانچە كاتتا قۇتلۇق توي .
ھەممە جايدا توي نەغمىسى جاراڭلاپ ،
تارقىلىدۇ يىراقلارغا شادلىق كۈي .

تولدۇرىدۇ ھويلا ، ئېتىز ، باغلارنى ،
قوغۇن ، ئەنجۈر ، نەشپۈت بىلەن ئانارغا .

قوتانلارغا سىغماس كالا ، قوي ، ئۆچكە ،
قوشۇلۇشقان سانسىز قوزا قاتارغا .

بەرىكەت تولۇپ ئېتىز ، خامان ، دالىغا ،
كۆكنى سۆيگەن مول ھوسۇلنىڭ دانلىرى .
ھۇزۇر بېرەر ئېغىز تەگكەن كىشىگە ،
ھەربىر ئۆينىڭ قېتىق ، زاغرا نانلىرى .

تېخى يەنە ئاپتېپىنى دېمەمسەن ،
ئىللىق نۇرى ياشنىتىدۇ ھەر جاننى .
قۇۋۋەت تېپىپ نىمجان ياتقان بىمارمۇ ،
ياندۇرىدۇ ۋۇجۇدىدا گۇلخاننى .

خاسىيەتلىك شۇنداق كۆز بۇ ، سۆزلىسەم ،
قېلىشمايدۇ تەرىپىدە جەننەتتىن .
سۆيۈپ چىندىن سۆيۈندۇ ھەر كىشى ،
ھاسىل قىلىپ شۇ نېمەتنى ئەمگەكتىن .

كەتمىگىن كۆز — ئايدەك ئوماق نىگارىم ،
ئۇلپەتلىشىپ راھەتتە شاد ياشايلى .
داغدا قويۇپ ھەسەتچى قىش پەسلىنى ،
سېنىڭ بىلەن يېڭى پەللە ئاشايلى .

1986 - يىل 9 - ئاي

# مۇبادا

ھايات ئۇلۇغ ، ئاڭا زادى تويمايمەن ،
ۋە بەزىدە ئۆلۈمنىمۇ ئويلايمەن .
ئۆلمەس ئۇچۇن بولسا دورا مۇبادا ،
تېپىش ئۇچۇن جاھان كېزىپ ھارمايمەن .

ئېچىپ كۆرسەم دەستۇرىنى يىللارنىڭ ،
ئىمكان يوقكەن قېچىش ئۇچۇن ئۆلۈمدىن .
تۈمەن ئەسىر ئۆتۈپ بوپتۇ تارىختا ،
مىليارد ئىنسان ئايرىلىپتۇ كۆرۈمدىن .

شۇنداقتىمۇ كاشغەرىي ھەم خاس ھاجىپ ،
بىزگە ئۇستاز بوپ تۇرۇپتۇ ھېلىھەم .
ئىلىم - پەننىڭ سورۇنىدا ، يىغىندا ،
بوپ تۇرۇپتۇ شان - شۆھرەتنىڭ گۈلى ھەم .

دېمەك يەتتىم رېئاللىقنىڭ تەكتىگە ،
ئۆلمەيدىغان ئىنسانلارمۇ بار ئىكەن .

هاياتنى كىم ئۆتكۈزسە مەنىلىك ،
شۇ ئىنسانغا ئۇزاق ئۆمۈر يار ئىكەن .

«ئۆلمەس» بولۇپ ياشىماقنى كۆزلىسەم ،
هۆر ۋەتەننى تۆهپىلەرگە ئورىسام .
ئەل ئىشىدا بولسا دائىم چوڭ هەسسەم ،
«هايات» دەركەن مۇبادا مەن كۆز يۇمسام .

1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى



## مۇئەللىم

سەن قوزغىغاچ ھەۋىسىمنى مۇئەللىم ،
بىلىم ئۇچۇن ياندى ئىشقىم پىراقى .
يورۇق قىلدى كۆڭگا قەلبىم ئۆيىنى ،
ئۆزۈڭ ياققان ئىلىم - پەننىڭ چىراغى .

تەم - تەم بولۇپ ماڭالايتتىم ئارانلا ،
سىڭىڭ بىلەن يېتىلدى گاڭ قانىتىم .
پەرۋاز قىلدىم ئېگىز كۆكتە شاد ، ئەركىن ،
بىلىم بىلەن تولۇپ جەسۇر قامىتىم .

سەن ياشناتقان ئىنژېنېر ھەم ئۇچقۇچى ،
تاراتماقتا نى - نى ئۇلۇغ كەشپىيات .
ۋۇجۇدۇڭدىن بىلىم ئەمگەن ئەدىبلەر ،
ياراتماقتا مىڭلاپ داستان ، غەزەلىيات .

سەن ئۇقۇتقان چېگرادىكى جەڭچىلەر ،
ئەل - ۋەتەنگە بىلدۈرمەكتە ساداقەت .

چوقق‍ىلارغا قاراپ بۇركۇت كۆز بىلەن ،
يەتكۈزمەكتە ئەلگە بەخت ـ سائادەت .

سەن ئۇقۇتقان يېڭى دېھقان يېزىدا ،
قوللانماقتا پەن ـ تېخنىكا ، بىلىمنى .
ئەقىل بىلەن ھوسۇل ئالغاچ يىلمۇيىل ،
باغلىماقتا زور ئىشلارغا بېلىنى .

ئۇلۇغ بىلگەچ شەرىپىڭگە مۇئەللىم ،
ياڭرىماقتا ئەلنىڭ چاۋاك ـ ئالقىشى .
كۈي تۆكۈلسە راۋاب ، تەمبۇر ، غېجەكتىن ،
ياڭرىماقتا غەزەلخانلار ناخشىسى .

يۈكسەك بىلىپ قەدرىڭنى مەن مۇئەللىم ،
بېشىم ئېگىپ قىلدىم ھۆرمەت سالامى .
قىلىپ تۇتتۇم بۇ شېئىرىمنى گۈلدەستە ،
ئۇقچۇغاچقا دىلدا رۇسۇل ئىلھامى .

1991 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# تىنىقلىرىم پۈتكەن شېئىر

كەلدى ئەزرائىل غۇلاچىن سوزۇپ ،
ئايرىماق ئۇچۇن تىنىقلىرىمدىن .
قىلىنىڭ ئۇستىدە قويدى بۇ جاننى ،
يىرگەندىم ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن .

تەلىيىم بار ئىكەن ئۇشبۇ كۆنلەردىن ،
هايانغا قالدى بۇ مېنىڭ جېنىم .
بولمىغان بولسا شەپقەتچى دوستلار ،
نىكەم لەھەتكە پاتاردى تېنىم .

قۇتلۇقلايمەن خۇش ، ئۆزۈمنى بۇگۈن ،
تىرىكلىكىمدۇر ئامەت - خۇشاللىق .
تەبرىكلىدى دوست ، تۇغقانلارمۇ ھەم ،
ئائىلەم تىلىدى مەڭگۇ ئامانلىق .

يىغلىشار ئىدى دوستلىرىم بەلكى ،
«كەتتىڭ بالدۇرلا ئاھ دىلكىشىم» دەپ .

كۆلۈشەر ئىدى بەزىلەر يەنە ،
«ئۆلگىنىڭ بولدى خوپ دۈشمىنىم» دەپ .

كۆز يېشىن تۆكۈپ ئۆرتىنەر ئىدى ،
بولۇپ تۇغقانلار يۈرىكى قات - قات .
ئۆكۈنەر ئىدى بۇ قىسمىتىمگە ،
بولۇپ بالىلىرىم تەنلىرى جاق - جاق .

دادامغۇ رىزىق تىلىگەن ئىكەن ،
ئانام ئۆمرۈمگە قىلىپ ھەم دۇئا .
بار ئىكەن ھەمدە قىلغان - ئەتكىنىم ،
بولماي ياشىدىم خانەمدىن جۇدا .

قۇتلۇقلايمەن شاد ئۆزۈمنى بۈگۈن ،
بەردى تىرىكلىك ئامەت ، خۇشاللىق .
تەبرىك ئەيلىدى دوستلار ، يېقىنلار ،
تىلىشىپ يەنە تىنچلىق - ئامانلىق .

1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى



# تۇرمۇش گويا بىر سەھنە

ئىجتىمائىي تۇرمۇش گويا بىر سەھنە ،
كۆزەتسەك بىز نۇرغۇن ئويۇن كۆرىمىز .
مەنمۇ ، سەنمۇ شۇ سەھنىدە بەزىدە ،
ماھىرلارچە «قىزىق» روللار ئالىمىز .

ئەتراپىڭدا بولسا ئەگەر قىرىق يارەن ،
ئوخشىمايدۇ بىر - بىرىگە خۇي - پەيلى .
رۇخسارىدا ئايان تۇمەن كۆرۈنۈش ،
بەزىلىرى توۋلاپ يۈرەر «خانلەيلى» .

بەزىلەر بار سودا — پۇل دەپ لاپ ئاتار ،
بۆكنى بۆككە ئالماشتۇرۇپ تېز قاچار .
«قويمىچى» دەپ ئاتار ئىكەن كىشىلەر ،
يىرگەندۈرەر قىلىقلىرى بەك ناچار .

بىرنەچچىسى دائىم ھوقۇق پېيىدا ،
ئېگىلىدۇ يۇقىرىغا تەمەدە .

تېپىپ ماڭسا بوزەكلەرنى بەزىدە ،
گىدىيىدۇ ، كۆزى گويا سامادا .

قىلدەك هوقۇق سېپى تەگسە بەزىلەر ،
چوغنى پۇۋ دەپ ئولتۇرمايدۇ يېپىشتە .
خىيال قىلار هەر باب بىلەن ئېلىشنى ،
تويۇنسىمۇ ، كۆزى يەنە «يېمىش» تە .

ئىشلىگەنلەر قېلىپ نېرى بۇلۇڭدا ،
ئوينىغانلار «چېپىپ» چىقار باش - سەپكە .
«ئېپى بارنىڭ يۈزى چوڭ» دەپ بەزىلەر ،
ئاھ ئۇرىدۇ ئېرىشەلمەي مەنسەپكە .

بىرمۇنچىلار ئۇچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ ،
ئېرىشەلمەس بىرەر قاپچۇق پۇلغىمۇ .
يەنە تېخى تاپا - تەنە ، كەمسىتىش ،
كەم بولمايدۇ ياكى ئۇلار كورمىدۇ ؟

بىلەلمىدىم بىكارچىمۇ بەزىلەر ،
بۇلۇڭلاردا غەيۋەت بىلەن جان باقار .
بەزى «قىزىق» ، بەزى «سوغۇق» پاراڭلار ،
زىددىيەتنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقار .

بىرنەچچىسى ياقىسىنى كىر قىلماس ،
ئىش - پىش دېسە ئۆزىنى ھېچ خار قىلماس .
رېستوراندا ئىچىپ ، ئويناپ ، يەپ تۇرار ،
قانداق ئىشتۇر ، رىزقى ھېچ كەم بولماس .

بەزىلەر بار ، ئېشەك مىنىپ يۈرسىمۇ ،
كۆرگىن ، دۈلدۈل مىنىپ ماڭدىم دەپ تۇرار .
قورساقلىرى تۈرسىمۇ خوپ كولدۇرلاپ ،
گۆش يەپ تويدۇم ، ئۈچەي ماي دەپ لاپ ئۇرار .

ئوغۇت بەرمەي كاۋىلارغا بەزىلەر ،
پۇلنى خەجلەپ هە دەپ باراڭ ياسايدۇ .
يېنىمىزدا تۇرسا كۈچلۈك ئەقىلدار ،
ئىشلىتىشكە گويا «ساراڭ» ئىزدەيدۇ .

ئەنە شۇنداق ئويۇنلاردىن ، ئىشلاردىن ،
ئايان بولار خۇي - پەيلىمىز ، ئەپتىمىز .
شۇ تەرزدە ئۆتتۇۋەرسە كۈنىمىز ،
قاي ئىشلارنى كۈتتۇۋالار ئەتىمىز ؟

دېمەك ، تۇرمۇش شۇنداق سىرلىق بىر سەھنە ،
مەنمۇ ، سەنمۇ شۇ سەھنىدە رول ئالىمىز .
قانۇن ، ئەخلاق بىزگە مىزان تۇرۇپمۇ ،
تۈگىمەيدۇ قاچانغىچە چالىمىز ؟

1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# كەلدى نورۇز

كەلدى نورۇز ئابى چەشمە چېچىپ يۇرتۇم دالاسىغا ،
كەلدى گۈزەل باغۇبوستان ئەزىز خەلقىم ئاراسىغا .
رىغبەت بېرىپ زوققا تولغان يىگىت - قىزلار ساماسىغا ،
كەلدى ياڭراق ئاۋاز قېتىپ ، ناخشا ، ناۋاساداسىغا .

چىقتى كۆلۈپ قۇياش ، ئايمۇ نۇر - شولىنى چاچايمەن دەپ ،
كەلدى سابا ھويلا - باغدا چېچەكلەرنى ئاچايمەن دەپ .
ماڭدى دېھقان ئېتىزلارغا ھوسۇلنى مول قۇچايمەن دەپ ،
كەلدى نورۇز ئۇل قويغىلى يۇرتۇم يېڭى بىناسىغا .

پوتلا تۆكۈپ بەرگى ئاچتى قاتار سۆگەت ، تال - تېرەكلەر ،
ھۆسن ئاچتى توزغا ئوخشاش تاقاپ كۆركەم گۈل - بېزەكلەر .
سۆيۈنۈشتىن كۆكرەك ئۇرۇپ سوقتى ئوتلۇق ، شوخ يۈرەكلەر ،
كەلدى نورۇز ئارام ئەيلەپ جانۇتېنىم داۋاسىغا .

كەلدى ئوماق بالىلارمۇ كۈندە غېرىچ بوينى تارتىپ ،
يىگىت - قىزلار بوش كەلمىدى قاتار - قاتار توينى تارتىپ .

بوۋايلارمۇ مېھمان كۈتەر «باراۋەت»كە قوينى تارتىپ ،
كەلدى نورۇز ئوغلى ئاتاپ نەزمە بايرام ناۋاسىغا .

كۈيچى قۇشلار باغ ـ دالادا خەندان ئۇرۇپ سايرىغاندا ،
سايدا تايچاق ، ئوغلاقلار ھەم تەننى قويۇپ يايرىغاندا .
تاغدا بۇغا ، مارال ، توشقان تاغدىن باغقا بالقىغاندا ،
كەلدى نورۇز زوقى تېشىپ گۈل دىيارىم سىماسىغا .

نەزەر سالساڭ ھەممە ياققا كۈلدى يېڭى نەۋ باھارىم ،
تەڭدىشى يوق پالۋان بولۇپ ، ئېشىپ چەكسىز كۈچ ـ مادارىم .
گۈلچىمەننىڭ رەناسىغا تۈتتى بۈگۈن دىل خۇمارىم ،
باقتىم تەشنا قەلبىم بىلەن نورۇزنىڭ شوخ جۇلاسىغا .

خۇش مۇبارەك ئېيتاي دوستلار بۈگۈن نورۇز بايرىمىڭدا ،
ئېيتىپ ناخشا ، ئويناپ ئۇسسۇل ، شادلىق تولغان قاينىمىڭدا .
بولسۇن يارقىن نەزمە ـ داستان كەلگەن ھەربىر مېھمىنىڭدا ،
كەلدى نورۇز ئەنبەر قوشۇپ نەۋ باھارىم ھاۋاسىغا .

1996 ـ يىل 2 ـ ئاي



# كىم يامان دەر

مېنى «ئەسكى» ، «يامان» دەيدۇ بەزىلەر ،
مەنمۇ ياخشى ئاشۇلاردەك ياشىسام .
كىم ھۆرپەيسە تۈكلىرىنى تىك قىلىپ ،
شۇ تۈكلەرنى يېتىشىغا قاشلىسام .

قىسىۋالسام ناچار ئىشقا كۆزۈمنى ،
بولۇۋالسام يىغىنلاردا مەن گاچا .
ئاكا ، ئاچا ، سىڭلىم دېسەم ، ئالدىسام ،
بولماس ھەركىم «مەن ياخشى» دىن ھېچ خاپا .

ماختىسامەن كىشىلەرنى ئالدىدا ،
سەنمۇ ياخشى ، مەنمۇ ياخشى ، ۋاي دېسەم .
تاش بوپ بەرسەم ، ياڭاق چاقسا بېشىمدا ،
كىم يامان دەر ئاسماندىكى ئاي دېسەم .

1997 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# تەبىئەت بىلەن ئۆتىمىز ئىناق

ھەركىم ئامراق يازدا راھەت ـ سالقىنغا ،
ئاپتاپ چىقسا يۈگۈرىمىز سايىغا .
قىش كەلگەندە ئاپتاپ خالاپ قالىمىز ،
باقار ئادەم تەبىئەتنىڭ رايىغا .

ئۆتمىسەك گەر تەبىئەت بىلەن بىز ئىناق ،
ۋەيران قىلار ئۇنىڭ قەھرى بىر كۈنى .
بەزىدە ئۇ ، بەزىدە بىز ماسلىشىپ ،
شاد ياشايمىز قەھ ـ قەھ ئېتىپ كۈلكىنى .

2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى



# يازساڭلاركەن مەرسىيە

تالايلارغا يازدىم مەنمۇ مەرسىيە ،
ئورۇن ئالدى ئىسمى شېئىرىم قۇرىدىن .
ئۇنتۇمايدۇ ئەۋلادلىرى ، دوستلىرى ،
نامى ياڭرار ئىلى ، تۇمەن بويىدىن .

ئەگەر ئۆلسەم يازساڭلاركەن مەرسىيە ،
مەنمۇ يۇرسەم ئاراڭلاردا سىلەردەك .
ئەسلەپ تۇرسا ئەۋلادلىرىم ، دوستلىرىم ،
ئېيتقان ھەربىر پاراڭلاردا غەزەلدەك .

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى



# رەھبەر — چاكار دېمەكتۇر

ئەلگە مەلۇم ، رەھبەر — چاكار دېمەكتۇر ،
ئارتىلىدۇ يەلكىسىگە ئېغىر يۈك .
رازى قىلسا ئاۋام - پۇقرا ھەممىنى ،
چاۋاك ياڭرار ، ئەل ئالقىشى سۆيەر كۆك .

سۆرىگەنلەر ئېغىر يۈكلۈك ھارۋىنى ،
ئوخشار خۇددى «شوتا ئات»قا چېپىشى .
«يانداق ئات» لار قېلىشمايدۇ ئۇنىڭدىن ،
بۇ مەنزىرە خۇددى دېڭىز ئۆركىشى .

بۇنداق رەھبەر بولغان جايدا - ئورۇندا ،
ئېتىز ، باغلار يايراپ كېتەر جۇلالاپ .
ئېغىل ، قوتان تولۇپ چارۋا مال بىلەن ،
ئېرىقلاردا سۇلار ئاقار لاۋالاپ .

بەزىلەر بار قۇرۇق ھارۋا سۆرەيدۇ ،
تاراقلايدۇ ھارۋىلىرى كاتاڭدا .

ھە ـ ھۆلىرى بولسىمۇ بەك جاراڭلىق ،
ماغدۇرى يوق پۇت ـ قولىدا ، پاتاڭدا .

بۇنداق رەھبەر بولغان جايدا ـ ئورۇندا ،
ئېتىز سولغۇن ، زەپىران ھەم چىرايلار .
موزايلىماس ئىنەكلەرمۇ قىسى بوپ ،
مېۋە بەرمەس باغلاردىكى چىلانلار .

باشلىق بولساڭ قۇرۇق ھارۋا سۆرىمە ،
يول بوشاتقىن ئېغىر يۈكلۈك ھارۋىغا .
ئەلنى باشلاپ ماڭالمىساڭ ئالدىدا ،
ئورىمايدۇ ئەل سېنى گۈل ـ لالىغا .

2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى



## سۈننەت تويغا

سۈننەت تويى بولدى بۈگۈن نەۋرەمنىڭ ،
مېھمان - دوستلار دېدى بولسۇن مۇبارەك .
تولدى شادلىق قاينىمىغا رېستوران ،
باھار كېلىپ ئېچىلغاندەك گۈل - چېچەك .

يەتتە ياشنىڭ سۈننىتىكەن خەتنە توي ،
ئاتىلاردىن مىراس قالغان ئادەتكەن .
ئەزىز بىلىپ ، ئەتىۋارلاپ پەرزەنتنى ،
ئۈمىدىمىز ئاسايىشلىق ئامەتكەن .

ئادەت بولۇپ كەپتۇ شۇنداق بىز خەققە ،
تۇغۇلغاندا قويىدىكەنمىز ئات - ئىسىم .
قىرىق كۈندە قىلساق ئادەت قىرىقنى ،
دولقۇنلاركەن ۋۇجۇدلاردا قۇت - سېزىم .

تۇگىمەستىن توي - مەرىكە ، ھېيت - ئايەم ،
ئۆتىدىكەن كۆڭۈل دائىم شادىمان .

قىزىيدىكەن توي دېگەنلەر بەك بەلەن ،
بولغان ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا پاسىبان .

توي دېگەندە تىلەك كۆپكەن ھەممىدىن ،
دەيدىكەنمىز سالامەتلىك يار بولسۇن .
نېرى تۇرسۇن ئاغرىق ـ سىلاق ، ھادىسە ،
بارچە ئىشتا بەخت ـ ئامەت يار بولسۇن .

بۈگۈن مانا شۇ مەقسەتتە خەتنە توي ،
ئۆتكۈزۈلدى مەشرەپ كەبى ئىززەتلىك .
رازى بولسا مېھمانلار خۇش ـ شادلىنىپ ،
تويۇلىدۇ تائامدىنمۇ لەززەتلىك .

تاپتى ئىززەت ، شانۇشەرەپ ، ھۆرمەتنى ،
سۈننەت تويدىن قەھرىيارجان نەۋرىمىز .
قىپ قالارمىز چوڭ تويىنمۇ بەلكى بىز ،
يېتىپ قالسا شۇ كۈنلەرگە ئۆمرىمىز .

2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



# داۋام قىلسۇن يېڭى يىلغا تەنتەنە

مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كەلدىڭ يېڭى يىل ،
مىڭ - مىڭ داستان تەرىپ بىلەن شان قۇچۇپ .
نىشان ئەيلەپ گۈزەل ۋىسال مەنزىلى ،
كەلدىڭ بىزگە يېڭى ئىلھام ، جان قوشۇپ .

يېڭى يىلىم تەلەي - ئامەت يار قىلىپ ،
قىز مېھرىدەك قۇچاق ئېچىپ كەلدىڭسەن .
ۋۇجۇدلارنى پاكلاپ ، پاكىز يۇيۇپ ھەم ،
يولىمىزغا چېچەك چېچىپ كەلدىڭسەن .

ئۆتكۈزمىدۇق كونا يىلنى قۇرۇق بىز ،
شان - تۆھپىمىز سەھىپىلەرگە يېزىلدى .
شۇ گۈللىگەن قايناق ھايات گۈلزارى ،
جانغا ھۇزۇر ، كۆڭۈلدە ئايەم سېزىلدى .

ئەجەب تېزلا ئۆتتى ئۇ يىل دېمەڭلار ،
زەپەر قۇچتۇق ھەربىر جەريان - كۈنلەردىن .

شاھىت بولار تەرەققىيات سۈرئىتى ،
ئاڭلاپ تۇردۇق ئۇنى زوۋۇك - ئۇنلەردىن .

ياش ئۇلغايتىپ كەلسىمۇ بۇ يېڭى يىل ،
ۋۇجۇدلاردا يالقۇنجايدۇ مۇھەببەت .
بوران - چاپقۇن ، قاينامىلاردا پىشقان بىز ،
مۇكچەيتەلمەس بىزنى يىللار تا ئەبەد .

قىزىلگۈلدەك كۆكلەپ تۇرار كۆڭۈللەر ،
جىلۋە قىلار چىرايلاردا تەبەسسۇم .
كۆز قىسىدۇ يېنىمىزدا ئاي - چولپان ،
سۆيگۈ تىلەپ بىزگە ھەركۈن ، ھەر مەۋسۇم .

داۋام قىلسۇن شۇڭا ئالقىش - تەنتەنە ،
قايناپ كەتسۇن شەھەر - يېزا ، كەڭ دالا .
گۈزەل ئىقبال رۇخسارىنى كۆرەيلى ،
ھاڭ - تاڭ قالسۇن تەبرىك ئەيلەپ كەڭ دۇنيا .

2007 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى



# قىشنىڭمۇ بار قىزىق يەرلىرى

پەسىللەرنىڭ كۆزى ، كۆركى ياز دېمىز ،
بىراق ، باردۇر قىشنىڭ قىزىق يەرلىرى .
قۇتلۇق كۈن دەپ چىقساق سەھەر تالاغا ،
شاخ ـ تاللاردا ئاپپاق «چېچەك» گۈللىرى .

قىشمۇ باھار سېزىلىدۇ ئىشچانغا ،
شۇڭا ئىشچان ئىشنى گۈلدەك كۆلدۈرەر .
قىش پەيزىنى سۈرەلمەستىن ھۇرۇنلار ،
پىيما كىيىپ ، جۇۋا بىلەن دۈگدىيەر .

ئاپپاق قارلار چاچقۇ بولۇپ ئاسماندىن ،
چۇشۇپ تۇرار ئاق ئۇچقۇن بوپ باشلارغا .
بەزىلىرى سۆيسە لەۋ ھەم يۈزلەرنى ،
بەزىلىرى قونۇۋالار قاشلارغا .

قويۇنلارغا ئېرىپ چۈشەر شۇ ئاق قار ،
لىرىكىلىق تۇۋلاتقۇزۇپ قىزلارنى .

يىراقلاردىن كۆرۈنىدۇ قوش گەۋدە ،
ئاپپاق قاردا قالدۇرۇپ جۈپ ئىزلارنى .

ئاق لىباسقا پۈركەنگەن ئاي پەرىدەك ،
يەر - زېمىنمۇ راھەتلىنىپ دەم ئالار .
ئېدىر ، يوللار ، كەڭ داللار تۇرسا ئاق ،
كۆرگەن ئادەم پاياندازكەن دەپ قالار .

چوكا بولۇپ قاتقان مۇزلار خەنجەردەك ،
تۇرار تۈگمەن كويلىسىدا ھوردىلىپ .
قىرغاقلارنى سۇلار چايقاپ تۇرىدۇ ،
كۆۋەجىگەن بۇژغۇنلارغا ئۇرۇلۇپ .

شوخ باللار قاردىن پومزەك ياسىشىپ ،
ئېتىپ ئوينار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ .
قىش بوۋايمۇ پەيدا بولار ھويلىدا ،
قاش ، كۆز ، ساقال چىقىرىشار ئولىشىپ .

مۇز تېيىلار كانكا ياساپ باللار ،
مۇز مەيدانى ، كۆل ئىچىدە ئايلىنىپ .
توختىمايدۇ بۇ ئويۇندىن ھارغۇچە ،
توي بولغاندەك ئويناپ كۈلۈپ ، شادلىنىپ .

قارلىق تاشلاپ قېچىشىدۇ يىگىتلەر ،
باھار ئەيلەپ شۇنداق سوغۇق قىشنىمۇ .
قىزىپ كېتەر پەيزى بىلەن ئويۇنمۇ ،
قالدۇرمايدۇ دالادىكى ئىشنىمۇ .

كۆرۈپ ئاشۇ ئويۇنلارنى سەھرادا ،
ئەسكە ئالدىم شوخ بالىلىق چاغلارنى .
توشقان قوغلاپ يۈرگەن ئاشۇ ئارچىزار ،
ئاق كۈمۈشتەك لىباس ياپقان تاغلارنى .

يانغۇم كەلدى ئاشۇ كىچىك چاغلارغا ،
يانالمىدىم ، يىللار توسۇپ يولۇمنى .
«قىش بوۋاي»دەك بولدۇم ئەمدى ئۆزۈممۇ ،
تاپالمىدىم يارىم سۇنغان گۈلۈمنى .

قىش قىزنىقى سوۋۇپ قالماس بىز بىلەن ،
يىگىت - قىزلار ئاياز قوغلاپ كىلىدۇ .
باھار ئەيلەپ گۈزەل ۋەتەن باغىنى ،
تۆت پەسىلنى ئوخشاش ئاۋات قىلىدۇ .

2007 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى



## ئاشۇ چاغدا

ئەسكى دېدىڭ يۈز تۇرانە سۆزلىسەم ،
توغرا گەپكە تاشتى قەھر - غەزىپىڭ .
بىراۋ سېنى ھېچ ئورۇنسىز ماختىسا ،
يايراپ كەتتىڭ ، ياڭراپ ناخشا - غەزىلىڭ .

بىراق ئاشۇ ماختاشلارنىڭ ھەممىسى ،
قىسقا كۈنلا «لەززەت» بېرىپ يوقىلار .
ئۇزاق ئۆتمەي ئاشۇلاردىن ئۈستۈڭگە ،
سەزدۈرمەستىن تۆھمەت چومى توقۇلار .

ئاشۇ چاغدا قايسى ئاچچىق ۋە تاتلىق ،
كۆرۈپ راسا ، تېتىپ ئوبدان بىلىسەن .
ئادەم بولۇش ، توغرا ياشاش يولىدا ،
يېڭىباشتىن ساۋاق ئېلىپ كېلىسەن .

1985 - يىل 3 - ئاي

## غەنىيمەت

ئەسسالام دوست - قېرىنداش ، باغرىم دىدار غەنىيمەت ،
ئاتا - ئانا ھەم پەرزەنت ، نەۋرە ، دىلدار غەنىيمەت .
باراقسانلاپ كۆكلىسە كۆڭۈلنىڭ غول - شاخلىرى ،
ئەزىز ھايات بوستانى ، باغۇگۈلزار غەنىيمەت .

ھايات قىممەت ، ئەتىۋار ، بارچە جانلاردىن ئەزىز ،
ھەر نەپەس ، ھەر دەقىقە ، مىنۇت - سائەت غەنىيمەت .
تەن - ۋۇجۇدنىڭ ساقلىقى بارچە بايلىقتىن ئۇشۇق ،
گۈل ھەم ئاي ، نۇر چىرايلار بىزگە ئامەت ، غەنىيمەت .

2007 - يىل 9 - ئاي ، ئۈرۈمچى

# بىر رېئاللىق بوپ قالار

ياش ئۆلغايدى ، دېسەم دوستۇم سەمەتكە ،
«ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولار» دېدى خۇش قىلىپ .
تەن يايرىدى ، كۆلدى جىسمىم باھاردەك ،
سۆيۈندۈرۈپ قويدى مېنى ياش قىلىپ .

نېسىپ بولسا ماڭا شۇنداق ئۇلۇغ ياش ،
ئالەم ئارا ئەڭ بەختلىك بولاتتىم .
ئىجادىيەت تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ ،
ئارمانلاردا كۆكتە قانات قاقاتتىم .

بۇنى كۆڭۈل خۇشى ئۈمىد دېسەكمۇ ،
بەلكىم بۇمۇ بىر رېئاللىق بوپ قالار .
بۇ بىر خىيال ئاسمىنىنىڭ ئېھتىمال ،
يۇلتۇزىدەك تۇن يورۇتۇپ نۇر چاچار .

2008 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# تەبرىكنامە

(ئاتاقلىق مۇزىكانت ، غېجەك ئۇستىسى ئەكرەم ئۆمەرنىڭ
مۇزىكا كېچىلىكىگە بېغىشلايمەن )

كېچىلىكىڭ مۇبارەك بولسۇن ئەلنىڭ كۆيچىسى ،
ئەزىز دىيار قەشقەردىن تەبرىك ئەيلەپ كەلدۇق بىز .
تويۇڭ بولدى دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋېتكەن بولمايمىز ،
ئامەت تىلەپ ئەل بىلەن پەخىرلىنىپ كۈلدۇق بىز .

بۈگۈن بايرام ، يۇرت خۇشال ، خەلقىم خۇشال باشقىچە ،
غېجىكىڭنىڭ تارىدىن ئاڭلاپ يارقىن كۈي - ناۋا .
كەتتى يايراپ ھەر كۆڭۈل ، پەدىلەردىن زوق ئېلىپ ،
ھەر تەرەپتىن ياڭرىدى ئالقىش - چاۋاك ، شوخ سادا .

ناخشا - سازىڭ جانغا جان قوشتى رىغبەت ، روھ ، ئوزۇق ،
ئويناپ يۈرەك شوخ سوقۇپ ، كەلدى سورۇن لەرزىگە .
ئوقۇپ خەلقىم ئاپىرىن ، شادلىق بىلەن روھلىنىپ ،
كېچىلىكىڭ كۈيلىرى چىقتى راسا ئەۋجىگە .

سوقۇپ ئالتۇن پىيالە قەنت چاي تۇتساق شاد ئېتىپ ،
ئەل كۈيچىسى ئۆتكۈزگەن بۇ كېچىلىك — بايرامغا .
سالام ئېيتتى دېھقانلار يۇرت ئوغلىنى قۇتلۇقلاپ ،
يۇرت مېھرىنى چاچتۇق ھەم خۇش مۇبارەك ئىلھامغا .

ئۇنلەپ كەتكەن غېجىكىڭ بېيجىڭ ، شاڭخەي ، قەشقەردە ،
دۇنيا خەلقى ماختىغان ماھارىتىڭ سېھرىنى .
شان - شۆھرىتىڭ ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەن ئىپتىخار ،
بەرگەن خەلقىم شۇ ئۈچۈن ساڭا ئاتەش مېھرىنى .

تاج كىيدۈرسەك ئەرزىيدۇ قۇچقان شانلىق تۆھپەڭگە ،
چۈنكى ياڭراق سازىڭغا بولدى ھەيران يەر - جاھان .
داستان قىلىپ نامىڭنى قوشۇپ ئېتىز كۈيگە ،
پەخىرلىنەر يۇرت خەلقى سېنىڭ بىلەن ھەر زامان .

قۇچتى شۆھرەت سەن بىلەن ئانا يۇرتۇڭ زېمىنمۇ ،
پەخرىمىز دەپ بىز ساڭا قۇتلۇق سالام بېرىمىز .
ئۈزۈلمەيدۇ رىشتىمىز يىلتىز چوڭقۇر بۇ يۇرتتا ،
ئېلىپ كەلدۇق گۈلدەستە ، ھۆرمەت بىلەن سۇنىمىز .

2007 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

# مەرسىيەلەر

# ئۇنتۇمايدۇ ئەۋلادى

ئەسكە ئالسام دائىم سەلەي چاققاننى ،
خىياللىرىم كېتەر ئۇزاق ئۆتمۇشكە .
دەپ قالىمەن پەرىشتە بوپ بىر كۈنلەر ،
كېلەمدىكىن راۋاب چېلىپ بىرىشكە .

ئەل دىلكەشى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى ئۇ ،
كۆزلىمەيتتى پۇل - پۇچەك ھەم پايدا - نەپ .
بېشىن سىيلاپ كەمبەغەلنىڭ ، غېرىبنىڭ ،
قىلاتتى ئۇ ئەل ئىچىدە ھەق سۆز - گەپ .

قولغا ئالسا سايرار ئىدى راۋابى ،
ئۇزۇلمەيتتى يۇرت - يۇرتلاردا تاۋابى .
ھەزىل قىلىپ ، ئېيتىپ قىزىق لەتىپە ،
تۈگىمەيتتى ئەلگە قىزغىن سالامى .

ئۇ ، خىزىردەك ئىنسان ئىدى ھەممەتتە ،
نەگە بارسا خەير - ئېھسان ياغاتتى .

شەربەت ئىچىپ ئۇنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن ،
دەردمەنلەرنىڭ يۈرەكلىرى قاناتتى .

بەگ ، چاپارمەن ، دورغا ، يايى ، ئامباللار ،
مات بولاتتى ھەربىر قىلغان سۆزىدىن .
ناچار قىلىق ، زۇلۇم - ستەم ، گۇناھلار ،
قاچالمايتتى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن .

ئۇنتۇمايدۇ ھەرگىز ئۇنى ئەۋلادلار ،
جاراڭلايدۇ ئول تەۋەررۇك راۋابى .
دىل قېتىدىن ئۆچمەيدۇ نامىشەرىپى ،
بولغاچ شۇنداق نۇرغۇن ئىشتا ساۋابى .

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى



## مەرھۇم ئەيسا شاكىر ۋاپاتىغا

شۇم پەلەك قىلدى بىزنى ياخشى ئىنساندىن جۇدا ،
ئەلگە شەپقەت نۇرى ياغقان كۆڭلى ئېھساندىن جۇدا .

ئەزرائىل قەستلەپ جېنىڭنى ، تىغ تۇتۇپ تۇرغانمىكىن ،
بولدى بۇ ئالتۇن دىيارىم ھۆسنى بوستاندىن جۇدا .

بولمىدى ئەملەش شىپا ، قالدى ھېكىملەر بىئىلاج ،
دوستلىرىم كۆڭلى پەرىشان بولدى دەرماندىن جۇدا .

ئاھۇپەرياد گۈلخىنىدا ئۆرتىنىپ كۆيدى يۈرەك ،
بولغىنىدەك باغۇھەرەم گۈلى رەيھاندىن جۇدا .

جىسمى ھېكمەت ، پەن - بىلىم بىرلە پۈتۈلگەن ئەر ئىدى ،
بولدى خەلقىم مەرىپەتچى نامى داستاندىن جۇدا .

ئىلمۇئىرپان ئاسمىنىدىن كەتتى بىر يۇلتۇز ئېقىپ ،
رەھمى كەلمەي قىلدى تەقدىر ماھى چولپاندىن جۇدا..

تاۋۇتۇك ئاقتىكى لەرزان كۆز ياشىمىز دەرياسىدا ،
بەلدە ئاق ياش ھەم قىرىنىڭ ، بولدى خەنداندىن جۇدا .

ۋادەرىخ ، ئەل قەلبى چاك كەتتى مىھرىڭ ھىجرىدە ،
بولدى بىر مەشئەل كۆتۈرگەن سەركەردە سۇلتاندىن جۇدا .

ئۆستۈرۈپ گۈل ۋە كۆچەت ، ئەيلىگەنتىڭ باغ بىنا ،
كۆرگىلى قىلماي نېسىپ بولدۇق گۈلىستاندىن جۇدا .

مىھرىبان ، كەمتەر ئىدىڭ ، ئەلگە باشچى سەركە ئىدىڭ ،
بولدۇق يىراقنى كۆزلىگەن ئۇستازۇلوقماندىن جۇدا .

ئارمىزدىن شۇنچە تېز كەتتىڭ يىراققا ، ئاھ ئىسىت ،
بولدى خەلقىم مەنزىلدىكى تۇغى جەۋلاندىن جۇدا .

تەن - ۋۇجۇدقا سىغدى ئاخىر شۇ قازايىڭ سەۋرىسى ،
ئىشلىرىڭ قىلغاي داۋام ، بولساڭمۇ كارۋاندىن جۇدا .

1987 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



# كۆڭلۈم بۇزۇلار ، باغرىم ئېزىلەر

(سىڭلىم خەيرىنساگۈل ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن )

كەتكەندىڭ بۇرابىيە بەسرىمگە[1]
تۇۋلىغاندەك سېنى گويا مۇھەممەت[2] .
چۇجىلەردەك چۇكۇلدىشىپ تۆت بالاڭ ،
قالغاندى چېكىپ چوڭقۇر نادامەت .

ئايەم كۆنلەر بارسام ئاشۇ قەبرەڭگە ،
ھەسرەت - پىغان چېكىپ كۆڭلۈم بۇزۇلار .
يامغۇر كەبى تۆكۈلىدۇ ياشلىرىم ،
قايغۇ بىلەن مىسكىن باغرىم ئېزىلەر .

ھەممە ئەتراپ چۆكۈپ سۈكۈت - جىمجىتقا ،
باغ - ئېتىزلار باشلاپ كېتەر مەرسىيە .
ئېسەدەيدۇ نوتا ، ياپراق ، يۇرىكىم ،
ئىشچان ، ھالال سىمايىڭنى ئەسلىسە .

---

[1] بۇرابىيە بەسرىم — ئوپال قومباغدىكى قۇملاق مەھەللىسىگە جايلاشقان . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسىنىڭ مازىرى .
[2] مۇھەممەت — خەيرىنساگۈلنىڭ ئېرى .

ئەجەب بۇرۇن كىرىۋالدىڭ لەھەتكە ،
تاشلاپ قويۇپ بىزگە ھەسرەت يۈكىنى .
ئېغىرلىشىپ كېتەر بۇ يۈك بەزىدە ،
كەلگىنىدە ئاچچىق تۇرمۇش كەلكۈنى .

ئەجەب ئەزىز ، بىرلا يالغۇز قىز ئىدىڭ ،
قىسقا كەلدى سېنىڭ ھايات مەنزىلىڭ .
بىراق ، تاشقا پولات مۆھۈر باسقاندەك ،
جۇلالىنىپ تۇردى باسقان ھەر ئىزىڭ .

بىر مەكتەپتە ئوقۇغانتۇق ئالتە يىل ،
ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە سەن دېيىشمەي .
جاپالارنى يەڭگەندۇق بىللە بىز ،
ئاكا - سىڭىل «ئېتىبار»غا ئېرىشمەي .

كۈنۈڭ بەكلا ئۆتتى قىيىن ، جاپادا ،
مۇساپىر بوپ يۇردۇڭ ياقا يۇرتلاردا .
چاندۇرمىدىڭ ، يەڭدىڭ بارچە دەردلەرنى ،
قالمىسىمۇ ھەتتا ئاياغ پۇتلاردا .

رەھىمسىز كەن تۇرمۇش ، ھايات ۋە دۇنيا ،
تەپ تارتماستىن ئېغىر كېسەل بېرىپتۇ .
دەردلىرىڭنى تۆكەلمىدىڭ ھېچكىمگە ،
ۋەھىمىلەر باغرىمىزنى تىلىپتۇ .

ئەزىز سىڭلىم تىنچ ياتقىن ، ئارام تاپ ،
بالىلىرىڭ كەلدى تۇپراق بېشىغا .

بوز تورغايدەك بۇقۇلدىشىپ يىغلاشتى ،
كۆللەر تولار كۆزدىن ئاققان يېشىغا .

بىز يولۇچى ، مېھماندۇرمىز دۇنياغا ،
ئورۇن ئالىمىز بىز يېنىڭدىن بىر كۈنى .
ھال - مۇڭ بولۇپ مۇڭدىشارمىز سىردىشىپ ،
مەھشەردىكى بىز ئۇچراشقان شۇ كۈنى .

1999 - يىل 4 - ئاي



# تۇرسۇنگۈلگە

(ئايالىم نۇسرەتنىڭ سىڭلىسى تۇرسۇنگۈل 1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 42 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مەرسىيەنى يازدىم )

ئۇ ئالەمگە كەتتى دەپ كەلگىنىدە شۇم خەۋەر ،
يۈرەكلەرگە تەگدى ئوق زەخىم ئەيلەپ شۇ قەدەر .

ساما يىغلاپ تۆكۈپ قار ، ئاق باغلىدى زېمىنغا ،
مۇڭغا پاتتى ھەممە جاي ، ھەتتا ئاشۇ چوڭ شەھەر .

يوقمۇ باشتا تەلىيىڭ ، ياكى شۇمۇ قىسمىتىڭ ،
بەك بۇرۇنلا ئەزرائىل بولدى جاللات شۇم ئەسكەر .

رەھىمسىزكەن بۇ پەلەك ، غېرىب بولدى باللار ،
سىغماي قالدى دەرد ـ ئەلەم ، يۈتقىنىدەك ئاھ زەھەر .

ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوستلارنىڭ بولدى يېشى مىڭ تارام ،
يۇتۇپ قايغۇ ـ نادامەت ، ئۆتتى شۇندا تۈن ـ سەھەر .

شەنبە چىقساق قەبرەڭگە بولدى يامغۇر يېشىمىز ،
ئازابلاندۇق قايتىدىن تەگكىنىدەك تىغ ـ خەنجەر .

بوپتۇ ھەمراھ ساناقسىز ساڭا يېتىم قەبرىلەر ،
نېسىپ بولسا قوينىنى ئاچار ئىدى يۇرت — قەشقەر .

ئاشۇ گۇلساي[1] تۆپىسى ماكان بوپتۇ ئەمدى ئاھ !
يوقلاپ پات ـ پات ئەۋلادىڭ دۇئا بىلەن ياد ئېتەر .

تىنچ ياتقىن تۇرسۇنگۇل ، بىزگىمۇ بار شۇنداق كۈن ،
كۆرۈشەرمىز بەلكى بىز بولۇپ قالسا كۈن مەھشەر .

1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەنبە ، ئۈرۈمچى



---

[1] گۇلساي — ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىق .

# پاشاگۈلگە[1]

بىر شۇم خەۋەر قۇلىقىمغا كىرگەندە ،
توك سوققاندەك بولدى تېنىم شۈركۈنۈپ .
قورققىنىمدىن تىلىم مېنىڭ تۇتۇلدى ،
بوغقىنىدەك ياكى يولۋاس ، شىر كېلىپ .

سەن تىكەندەك يالغۇز بىر تال قىز ئىدىڭ ،
بەك ئەتىۋار ئىدىڭ ھەر ئۆي ئىچىدە .
ئاسماندىكى يۇلتۇز ئىدىڭ چاراقلاپ ،
شولا چاچقان قاپقاراڭغۇ كېچىدە .

تېخى نوتا ئىدىڭ ئەمدى كۆكلىگەن ،
ئون گۈلۈڭنىڭ ئاران بىرسى ئېچىلغان .
كۆيۈنەتتىڭ چوڭ - كىچىككە ئوخشاشلا ،
تۇغقانلارغا رىشتىڭ مەھكەم چېتىلغان .

شۇنچە ئىشچان زىرىپ ئىدىڭ ، زېرەكتىڭ ،
ئۆي ئىشىغا پەرۋانىدەك كۆيەتتىڭ .

---

① پاشاگۈل — تاغام قادىر ئاخۇننىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ ، تۇغۇتتا ياش ئۆلۈپ كەتكەن .

ئائىلەڭنى گۈللىتىشنىڭ كويىدا ،
تىنىم تاپماي مېھنەت بىلەن كۈلەتتىڭ .

بالىلىرىڭنى چوڭ قىلغۇچە ئەي پاشا ،
نېمە كۈنلەر چۈشمىدى شۇ بېشىڭغا .
قىيىن كېلىپ تۇغۇت ئىشىڭ ، تۇيۇقسىز ،
كەلدى ئەجەل شۇنچە چاپسان قېشىڭغا .

ئاجىز كۆرۈپ سېنى ئاشۇ ئەزرائىل ،
شۇنچە تېزلا قېشىمىزدىن ئېپ كەتتى .
ئاناڭ ، ئاكاڭ ، تاغاڭ ، تۇغقان ھەممەيلەن ،
ياشلار تۆكۈپ دەرد ئۈستىگە مۇڭ قاتتى .

«ھەزرىتى موللام[1] » مازىرىدا — غەرىبتە ،
داداڭ بىلەن بىرگە ياتتىڭ لەھەتتە .
بوۋام مەھمۇد مازىرىغا ھەر چىقسام ،
سېنى ئەسلەپ تۇرار بولدۇم ئەبەدكە .

تىنچ ئۇخلا پاشا خېنىم ، جان ئۇكام ،
ھايات چاغدا بىز قەدرىڭگە يەتمەپتۇق .
كۆزىمىزدىن ياش تامدۇ ھەر قېتىم ،
سېنى دائىم دۇئا بىلەن ياد ئەتتۇق .

1983 ـ يىل 11 ـ ئاي

---

(1) ھەزرىتى موللام — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى .

# كەلدى

(دوستۇم تاھىر ھاجى ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

«قازا قىلدى تاھىر ھاجى» دەپ كەلدى ،
كۆزۈمگە ياش ، كۆڭۈللەرگە دەرد كەلدى .

يىگىتلەرنىڭ بايرىقى ، بىر گۈل ئىدىڭ ،
نامىزىڭدا دوست - قېرىنداش سەپ كەلدى .

كەتتۈق ئاران ئۆلگۈرۈپ بىز نەزرەڭگە ،
ئەلەم بولدى ، غەم - قايغۇلار قات كەلدى .

ھوش يوقاتتى بالا - چاقاڭ ، كېلىنلەر ،
چىدالمىدى ئاھ ، نادامەت...... داد كەلدى .

قاتتى مۇزلار يۈلتۈزلىرىم توپىدا ،
غەمناك كۆڭلۈم ئاسمىنىغا جۇت كەلدى .

قىزىمايتتى سەنسىز سورۇن - باراۋەت ،
تەرىپلەرگە تۈمەن كىتاب - بەت كەلدى .

باغرىڭ يۇمشاق ، ئەل ئىشىغا تەق ئىدىڭ ،
دەيتتى دوستۇڭ : «تەس ئىشىمغا مەرد كەلدى» .

خاس خىسلەتكە قەدەملىرىڭ يار ئىدى ،
دەيتتۇق «سەن بار ئىشلار زەپمۇ ئەپ كەلدى» .

ئەل قەلبىگە ئورناشقاندەك شۇ ئوبرازىڭ ،
كۆز ئالدىمغا مېنىڭكىمۇ كۆپ كەلدى .

ھەيكەل قويدۇم شېئىرىم بىلەن سەھىپىگە ،
دوستلىرىمدىن «دىلىمىز بىر» دەپ خەت كەلدى .

تىنچ ياتقىن تاھىر ھاجىم قەبرەڭدە ،
باسقان قەدەم ئىزلىرىڭدىن قۇت كەلدى .

2009 - يىل 7 - ئاي ، ئۈرۈمچى



# پارچىلار

چىقسا يالغان پەردازلىنىپ سەھنىگە ،
«چۈمبەل» بىلەن ياپار ھەقنىڭ يۈزىنى .
ئالدىنىدۇ كور «خېرىدار» بىر مەھەل ،
ئاچمىساڭسەن ئۈنىڭ «ئەما» كۆزىنى .

* * *

بەرسەڭ ئەگەر بەزىلەرگە ئازراق نەپ ،
ھەقنى ياپار ، ساختا ئىشنى راستى دەپ .
چىقار ساپساق ئادەملەرنى قارىلاپ ،
تېنى پالەچ ، قۇلاقلىرى گاستى دەپ .

* * *

قىلساڭ قانچە سەن ياخشىلىق ئىنئامنى ،
بىلمەس ھېچبىر ھەسەتخورلار قىلغاننى .
ساپ دىلىڭنى تۇرساڭمۇ سەن كەڭ ئېچىپ ،
تۆھمەت قىلار ھەتتا توقۇپ يالغاننى .

*　　　*　　　*

ھەسەتخورلار توختىغاندا تىنىقىدىن ،
قۇتۇلغايسەن پىتنە - يامان قىلىقتىن .
ئۇ ھاياتكەن ، سەنمۇ ھوشيار تۇرمىساڭ ،
ھوسۇل ئالار تۇك ئۇندۇرۇپ تېرىقتىن .

*　　　*　　　*

سەۋەنلىكتىن خالىي ھېچبىر كىشى يوق ،
دېمە ھەرگىز بەكمۇ پاكىز ئۆتمەن .
سەۋەنلىكتىن ئېلىپ ساۋاق - تەجرىبە ،
دېگىن : ئىقبال مەنزىلىمگە يېتىمەن .

*　　　*　　　*

يەيدۇ نامەرد بىر بۇلۇڭدا بەتتىنى ،
مەرد بېرىدۇ تاپسا بىر نان تېگىنى .
قاچسا نامەرد كۆرۈپ بىمار - مېيىپنى ،
مەرد ئايىماس كېرەك بولسا جېنىنى .

*　　　*　　　*

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس ، بۇنى بىلەرسەن ،
بىلىپ تۇرۇپ دائىم قۇرۇق تاغار يۆلەرسەن .
كۆنۈپ قالساڭ ، كۆندۈرسەڭ يۆلەش ئىشىغا ،
بولالماستىن يۆلەپ ئۇنى ئاخىر ئۆلەرسەن .

*            *            *

يالغۇز ياشاپ كۆرمىدىم ئىززەت ،
دوستسىز ھاياتتىن چىقمىغاي لەززەت .
دوستلار ئاچچىققا تاتلىقلىق قوشۇپ ،
دوستقا كەلتۈرەر بىباھا زىننەت .

*            *            *

ياشلىقىڭ باھار ، بالىلىقىڭ نادان ،
ئەلگە بېغىشلا چىن باھارىڭنى .
ياشلىق بېغىڭدىن چېچىپ خۇش پۇراق ،
زەپەرگە ئورا ھەر ناھارىڭنى .

*            *            *

ياشلىق مېۋىلەپ
تۇرغان گۈزەل باغ .
باغنى ئاسرىساق ،
چىقار ئالتۇن ، ياغ .

*            *            *

بۇ دەۋردە ئاتا دېسەڭ ،
ئۇ دەۋردە ئۆزۈڭ ئاتا .
چۈرۈقلىشىپ پەرزەنتلىرىڭ ،
ئەتراپىڭدا تۇرار قاتار .

*    *    *

بالىلىقنى مايسا دېسەم ،
ياشلىقتۇر ئۇنىڭ دېنى .
ئۆستۈرسەڭ پەرۋىش قىلىپ ،
ھاسىلىدۇر يۇمشاق نېنى .

*    *    *

«ئۇنداق ئەسكى ، بەك يامان» دەپ بىراۋنى ،
ھەر سورۇندا تىللاپ ، سۆكۈپ چىقىسەن .
«سەن قانچىلىك ئادەمتىڭ ؟» دەپ سورالسا ،
ئويلا ئوبدان ، قانداق جاۋاب بېرىسەن !

*    *    *

ئاغزىڭغا شىرنە ئۇرسا بىراۋلار ،
تاتلىق ئىكەن دەپ يۇتمىغىن زىنھار .
ئوغىمۇ چىقار ئۇندىن بەزىدە ،
كۆرسەتكەن بىلەن جىلۋىلىك رۇخسار .

*    *    *

ئۆزىنى دانا چاغلار نادانلار ،
پەسلىك خىسلىتىن قىلىپ نامايان .
چاندۇرۇپ قويار ، خۇدىنى بىلمەي ،
ھايات كېمىسى كەتسە سىڭايان .

*　　*　　*

هەرقانچە يۇقىرى ياكى چوڭ بولسۇن ،
ياش ، ئىستاژ ، ئابرۇي ، نوپۇز ۋە ھوقۇق .
بىر ئىنسانىڭ خىسلەت ھەم خاسلىق ، پەزىلەت ،
بولمىسا بىكاردۇر جىسمىڭدا تولۇق .

*　　*　　*

ئۆلمەيمەن دەپ ئويلىدىڭمۇ ئەي ئاكا ،
كۈلىسەنغۇ ، مۇسىبەتتە شادلىنىپ .
باشقىلارمۇ كۈلسە قانداق تۇراركەن ،
ئۆلۈم قۇشى ساڭا كەلسە ئايلىنىپ .

*　　*　　*

ئاخىرلىشار ھەركىم ئۆمرى ئۆلۈمدە ،
بەزى ھايات كېتەر شۇنداق تۆھپىسىز .
بەزى ھايات مۆجىزىگە تولار لىق ،
بەزى ھايات ئۆتەر شۇنداق كۆركىسىز .

*　　*　　*

تېنىم ساغلام ، كەيپىم خۇشۇاق دېمىگىن ،
ئەزرائىلنى توختىتالماس قۇدرىتىڭ .
بىر ئېغىز سۆز قالدۇرالماي كېتىسەن ،
تۇيۇقسىزلا كەلسە ئۆلۈم نۆۋىتىڭ .

* * *

ھاياتتا قۇل بولۇپ ھاڭۋاقتى بولساڭ ،
ئېتىدۇ تۇيدۇرماي شەيتانمۇ ئاداش .
بۇرنۇڭدىن يېتىلەپ ئاشۇ بىر مەخلۇق ،
كېتىدۇ دوزاخقا سېنى قىپ ھاپاش .

* * *

كېلەلمەيدۇ يېقىن ھەرگىز شەپەرەڭ ،
چېچىپ تۇرسا سېخىي قۇياش نۇرىنى .
ياخشىلىقنى بىلمەس شۇندا بەزىلەر ،
قۇتقۇزساڭمۇ ھەتتا ئۇنىڭ جېنىنى .

* * *

دوستۇم گۆدەكلىك ، شاشلىقىڭنى قوي ،
جىسمىڭدىن نەۋاق كۆچتى ياشلىقىڭ .
ياقماس چاقچىقىڭ رەنالەرگە ھېچ ،
تەڭتۇشلار بىلەن بولسۇن شادلىقىڭ .

* * *

خىسلىتىڭ تۇپەيلى نەزەردىن چۈشسەڭ ،
سىرتىڭمۇ كۆرۈمسىز كۆرۈنەر كۆزگە .
جىسمىڭدا پەزىلەت بولسا مۇجەسسەم ،
ئەما بولساڭمۇ سەن چىرايلىق بىزگە .

*　　　*　　　*

تال چىۋىقنى ئەگمەك ئوڭاي ، تۈزلىمەك ھەم ،
سۇنۇپ كېتەر ئېگەي دېسەڭ قۇرۇغاندا .
تېز ئەيۋەشكە كېلەر ئوغلۇڭ كىچىكىدە ،
بىراق سىڭمەس تەلىم - بىلىم قېرىغاندا .



本集子选录了作者多年以来所写的诗歌。

مەسئۇل مۇھەررىرى : **چىمەنگۇل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى : **بەختىيار ئابلىمىت**

# بەخباش ئىلھاملار

(شېئىرلار )

ئاپتورى : **ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168مم 1/32
باسما تاۋىقى : 6.375 قىستۇرما ۋارىقى : 3
2011 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 2000

---

ISBN 978—7—5373—2270—6
باھاسى : 15.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **قۇربانجان روزى شەيدائى**

# بەگباش ئىلھاملار

ISBN 978-7-5373-2270-6

9 787537 322706 >

(民文)定价：15.00元